# اوتکن کونلر

تورگوچی پولات قادیری

توزگوچی پولات قادیری



## برنچی قسم

آلتای نشریات اداره‌سینك تاریخ - جغرافیه تور دومی
طره‌فیدین تیارلنب مطبعه‌گه بریلدی.

چین جمهوریتی نك 37- ینی برنچی غنوار

# گريش سوز

مەن بو قسقاچە **يورت تاريخنى محمد امين حضرەتيمنڭ** ئەصل «شرقى توركستان تاريخى» غا ئاسلسلينىب ئوزومنڭ ئوگونوب ئاپقان نەتىجەلىرمدىن فايدىلىنىب تورزوب **چقدم**. ايچيدە تولوق بولميغان ياكى كامچيلك ئورونلىرى بار بولسا، كورسوتوب بەرسە، 2-قيتم يازيليدىغان تاريختا ياخشى بر ئاساس بولوب قاليدو. شونڭ ئوچون بو تاريخ **حقىقدە**، كوبرەك توزوتوش كورسەتمەكە لىرينىزنى سورايمن.

# 1- باب: باشلانغۇچ تارىخ

## كىرىش سۆز

يۇرتىمىز (ئۆلكەمىز) جۇڭگو تۇپراغىنىڭ غەربى شىمالى قىسمىغا ۋە ئاسىيا قىتئەسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، غەربىي تەرەپتە غەربى تۈركىستان، شىمالى ۋە شەرقى موڭغولىيە، شەرقى گانسۇ، جەنۇبى پامىر تاغلىرى بىلەن چېگرالىنىدۇ. يۇرتىمىزنىڭ دۆلەت تەرىپىدىن قوللىنىلغان ئىسمى شىنجاڭ بولۇپ، تارىخى ۋە مىللى ئىسمى شەرقى تۈركىستاندۇر.

## قاراڭغۇ تارىخ

بىز ياشاپ تۇرغان يەر شارىمىز قانداق شەكىلدە پەيدا بولغان، تۇشۇپ ئوتتۇز گاز ھالىتىدىن ئۆزگىرىپ، تاشقى پوستى قاتتىق، سۇ، ئۆسۈملۈك، ھايۋانات پەيدا بولۇپ بۈگۈنكى يەر ھالىتىگە كەلگىنىگە قانچە مىليون، مىليارد يىللار ئۆتكەنلىكى نامەلۇم بولسىمۇ، ئەمما يەر يۈزىدە جانلىق ھايات باشلانغانغا 500 مىليون يىل بولغاندۇر دەپ گۇمان قىلىنىدۇ.

تارىخچىلار يەر يۈزىدە ئەمچەكلىك ھايۋانلار پەيدا بولغانغا 40 مىليون يىل، ماگارا دەۋرى باشلانغانغا 50 مىڭ يىل، تۈركلەرنىڭ ئوزئانا يۇرتىدىن كۆچۈش دەۋرىنىڭ باشلانغانغا 20 مىڭ يىل بولغاندۇر دەپ باھا بەرمەكتە. بىز بۇ دەۋرنى تارىخنىڭ قاراڭغۇ نامەلۇم دەۋرى دەپ ئاتايمىز.

## ئومۇمى تۈركلەر

قەدىمقى تۈركلەرنىڭ ئانا يۇرتى ئوتتۇرا ئاسىيا بولۇپ، تۈركلەر شەرقى قىدىرخان تاغلىرى، سىرداريا، شىمالى سىبىرىيە، غەربى قارا دېڭىز، جەنۇبى تىبەت، شىمالى ھىندىستانغا قەدەر بولغان تۇپراق

ايچيلە ياشاپ كەلگەن. ئۇ زامانلەردا بو جايلەر حاضرقيدەك قورغاقچىلق چول بولماى ياغمور يغن كوپ، اچكى دريا، كوللەرچق، كولزارلق برجاى ايدى. كيينكى زامانلەردا قورغاقچيلق دەورى باشلانيب بو جايلەر چوللوككە ئايلاندى. ياۋروپادا موندان 7000 يل بورون آياغداشقان يونما تاش دەۋرى يورتيمزدا موندان 12 مڭ يل بورون تمام بولغان.

## دونيادا مدنيت

دونيادا مدەنيت باشلانغان جاى 5 گە بولونودو. ميلاددان 5000 يل بورون مدەنيت باشلانغان جاى اورتا ئاسيا، ميزوفوتاميە، مصر، ميلاددان 5000 يل بوروندين باشلاپ مدەنيت باشلانغان جاى چين، هندستان، هندى چين، يونان، توركيە، ميلاددن 2000 يل بوروندين باشلاپ مدەنيت باشلانغان جاى ايران، ايتاليە، ميلاددن 500 يل بوروندين باشلاپ مدەنيت باشلانغان جاى رومانيە، فرانسيە، انگيليە، اسپانيە، شمالى ئافريقا، ميلاددن 500 يل كيين مدەنيت باشلانغان جاى عربستان، گرمانيە، كافكاز، ئوندين صوڭ مدەنيت باشلانغان جايلەر، روسيە، ياپونيە، ئامريقا، و مباشقالەردور. مثا بونگدين قاريغاندا، دونيا مدەنيتى الڭ بورون بزنڭ يورتمدين باشلانغانليقى معلوم.

## تاشدين قورال ياساش دەورى

ئادملەر دونيادا پيدا بولوب، انسانلق تورموشقا كوچوشدين بورون تاغ-تاشلەر ئاراسيدا يرتقوچ هايوانلەرغا ئوخشاش كييم كەيمەى ياشيغان ايدى. ئادەملەر ئاستا-ئاستا ترەققى قيلب، هايوانلر دين فرق قلغاندين كيين تاغ غارلريدا اوى ياساشنى، تاشدين قورال ياساپ يرتقوچ هايوانلەردين ئوزينى ساقلاشنى بيلگەن، كيين باريب انسانلەر تاشنى سلغداپ تورلى قورال ياساشنى اوگەندى.

# چاروا چیلق دەوری

بورون آدەملەر هایوانلەر بلەن آریلیشپ یوروپ، کوچیەت
کەنلرینی توتوپ خامیەپ کون کوچورگەن بولسیمو، کیین جما
عت بولوپ یاشاش حالیغا کەلگەندە، توتقان هایوانلەردین آر
تیپ قالغانلرینی ئوگوتوپ باقیپ ساقلاش یولی بلەن چارواچیلق
دەورینی باشلیدی. بو دەوردە انسانلەر توف—توف بولوشوپ یو
واش هایوانلەرنی توتوپ باقیپ اوی هایوانلریغا آیلاندوردی.

# باغچیلق - دهقانچیلق دەوری

ئادەملەر بورون هایوانلەرنی توتوپ ییگەندین باشقا یاوایی
ئوستوپ چققان تورلی میوەلەرنی ئوزوق قیلب ییگەن. کیینکی وا
قتلەردا یالغوز باققان چاروا مال بلەن جان ساقلاشنڭ قیینچیلیقی
نی بیلب، یاوایی میوەلەرنی ئوزلری ئوستوروپ اوزلری پوشو
روپ یەیدیغان بولدی. بونڭ سرتیدا دانلق ئوسوملوکلرنڭ ئو
زوق بولودیغانلریدین فایدیلاندی. منا شوندین کیین باغچیلق
دیهقانچیلق باشلاندی.

# تورکلەرنڭ کوچوش دەوری

اورتا ئاسیا بورون اوت—چوپلوك انسان یاشاشقا بەك قولای
برجای بولغان بولسیمو، کیینکی زامانلەردیکی قورغاقچیلق نە
تیجەسیدەوە ادەم سانی کوپەیوپ، تورموشنڭ قیینچیلق دەوری
باشلانغاندا، اورتا ئاسیادا بولغان تورکلەر ئاباجایلەر اسیەیب
اطرافقا کوچوشکە باشلیدی. بو کوچوش موندان 20 مڭ یلدان
بورون باشلانغان. تورپان، آلتای اطرافیدین کوچکەنلەر شرقتا
یوروپ سزغ دەریا، کوك دەریا اورتاسی وە شمالی چینغاقلەر
مایلەرغە باریپ ئورونلاشقان.بو، موندن 7 مڭ یل بورون بولغان

دوبدان چققانلەرنىڭ بر قسمى هيندىچين، تيبەتگە باريب ئورون
لاشقان. تەكلى مكان قەشقەردن چقانلەر هيندستاننىڭ آباد جاي
لەرىغا كوچوب باردى. ايمىل بالقاشدن كوچكەنلر اورال تاغلريد
لدن ئوتوب ياوروپاغىچە كوچوب باردى. خاريزم اطرافيدن كوچ
كەنلر ياوروپا، آفريقاغە قدەر تارالىپ كەتدى. بو 4 طرەفكە كوچ
كەن توركلەر هربر بارغان جايلريدا، مايمونغا ئوخشاش ياشا
واتقان ياوايى انسانلەرغە مدنيت اوگەتدى.

## كوچوش دەورىدين كيينكى يورت

عموەي كوچوش دەورىدين كيين يورتيمزدا كوچمەي قالغان
لەر سو بويلرى، آباد جايلارغا توپلوشوب، كچيك ـ كچيك دەولەت
لرنى ميدانغا كەلدى. تاريخچيلر شووا قتدا يالغوز شرقى توركستاندا 91
مستقل دولت بولغان ددب آيتيلو. بو 91 مستقل دولت بر قانچە زامانلر ياشيغاندين
كيين چەتدين كيلب تورو ديغان دوشمەنلردين همان اوزينى ساقلاپ تورماق
ئوچون ئوز ئارا اتتفاق بولماققا مجبور بولدى. الك بورون غرب
قسميديكى 10 دەولەت برليشب برلككە كەلدى. ئورتادان ال ايلتر
ديگەن عنوان بلەن بر آدەمنى خان سايلىدى. شوندين كيين
شرقديكيلر هم برليشب ئانگاگول ديگەن عنوان بلەن بر ئادەم
نى خانلققا سايلىدى. بولارنىڭ بريگە 10 اويغور دەولىتى، ينە بو
گە 9 اويغور دەولىتى ديگەن نام بريلدى. ئويغور ديگەن سوز
كونە توركچە سوزدە اتتفاق، اويوشماق، برلشمك ديگەن سوز
دور. بو واقعە موندان 6700 يل بورون بولغان.

## قارا خان دەولىتى

بو 10 اويغور، 9 اويغور دەولەتلرى بر قانچە يوز يللر ياشي
غاندين كيين بو ايكى دەولت برلشدى. پايتخت شهرى قەشقەر
بولوب بو دەولتكە قاراخان دەولىتى ديگەن نام بريلدى. بو قارا
خان دەولىتى كوچلونوب شرقى توركستان توپراغىنىڭ سرتيدا

بولغان قەبیلەلرنی اوز اطاعت اشتیغا ئیلب توپراغینی کیڭەیتدی. قاراخان دەولتینڭ چیگاراسی غربی ئامو دەریا، خزر دیڭزی شمالی سبریيە، شرقی قلرخان تاغلری، جنوبی سیرغ دەریا قاراڭغو تاغلر بلەن چیگارالاندی.

بو واقتدا شرقدە چین دەولتی، غربدە ایران دەولتی قوروغان بولوب، قاراخان کوب واقت بولەر بلەن سوقوش قلدی و قاخان دەوریدە میلاددین 550 یل بورون ایران پادشاسی خسرو بلەن سوقوش قیلدی. ایرانلقلەر بوقاخاننی اولتوروب خازینم سوغوتنی اشغال قلدی. کیین ساقا تورکلری نڭ غیرەتی بلەن ایرانلقلر یڭیلب قاراخان دەولتیگە اطاعت قلدی.

قاراخان دەولتی نڭ ئاخرقی زامانلریدا، یونان پادشاسی سکندر دونیاغا هجوم باشلاب، عسکرلری غربی تورکستاندین اوتوب قەشقەرغە ییتب کەلگەندە، یورتیمزدان چققان اویغور عسکرلری بتون دونیانی یەڭگەن اسکندرنڭ یڭلمەس عسکرلرنی تار-مار کەلتوروب، ئالتون قان میدانیدا زور شوهرەت قازاندی.

# قاراخان دەولیتی نڭ عاقیبتی

قاراخان دەولیتی زەعبلاشقان ددورلردە، اچکی اتفاقسزلق توغولوب، باش-باشتاقلق حکوم سوردی. چین چیگاراسیدا یاشاواتقان یاوچی تورکلری، ئیلی دا یاشاواتقان اوسونلر، خزر دیڭزی بوییدا یاشاواتقان ساقالر قاراخان دەولتیدین ایریلب کەتدی. اچکی طرەفدین قوجو، کنگت (قارا شهر) اوچ (ئاقسو) کوچار، خوتەن، چرچنلر هم ئایرم-ئایرم دەولت بولوب، نالدی. شونداق قیلب قاراخان دەولیتی پارچالینب یقلدی. اوشاق پارچە دەولتلر میدانغا کەلدی. یالغوز شرقی تورکستان توپراغی ایچیدە 50 گە قدەر پارچە دەولت قورولدی.

# تورکلەرنینگ کوهنە یازولری

کوچوش دەوریلەریدین بورون تورکلەردە خط یازو بارلیغی معلوم.
امما او خطلەرنینگ شکلی سورەتلەردین عبارەت بولغان. تورکلەر یازو
سی بر قانچە، توردن اوزگوروب رەسمی یازو شکلیگە کیریب
عموم تورکلەر طرەفیدین قبول قلنغانی 2 توردور. بری اورخون
یازوسی یعنی اویغور یازوسی هم دیلیلەو. ینە برسی سوغوت
یازوسی، بو یازو غربی تورکستاندا اجاد بولغان. 7- عصرغیچە
کوپچولک تورکلەر طرەفیدین قوللونولغان الفبا اورخون الفباسە
دور. تورکلەر اوزلەرینینگ کوهنە یازوسینی کوچوب بارغان جایلەر
دیکی خلق ئاراسیغا هم یایدی. بو گونکی دونیادا کوپچولک
ملیکتەلەر طرەفیدین قبول قلنغان لاتین یازوسینینگ اورخون یازوسی
دین اولگە ئالغانلیقی معلوم. لاتین الفباسینینگ کوب حرفی اور
خون حرفیدین عبارەت. سوغوت یازوسیدین مانچورلار، مانغوللار
اوزلەریگە یازو اشلەب چقانلیغی معلوم.
تورکلەر اسلام دینینی قبول قیلب عرب یازوسیغا کوچکەن
گە قەدەر بو اورخون، سوغوت یازوسینی اشلەتکەن. 8-عصردین
باشلاب 20- عصرغە قەدەر تورکلەر عرب یازوسینی اشلەتدی. بو
گونکی تورکلەر 3 تورلی یازو قوللانماقدا. تورکیە تورکلەری
لاتین الفباسی؛ غربی تورکستان تورکلەری روس الفباسی،
شرقی تورکستان تورکلەری عرب الفباسی قوللانماقدا.

# هون تورکلەری دەوری

تورکستاندین شمالی چین، اورخون دەریاسی، اولا تاغلەری —
غا کوچوب باریب یاشیغان تورکلەرنینگ اچیدین هون دیگەن بر
قبیلە میلاددین 1500 یل بورون شو جایلاردا بر دەولت قوریدو.
بو دەولت قورغان هونلار بلەن چین خلقی اورتاسیدا اوزون مدت
سوقوش داوام قلدی. چین خلقی اوزینی هونلەرنینگ هجومیدین
ساقلاب قالماق ئوچون چین سی خوانگ دیگەن خاننینگ یتەکچیلیکیدە

سەنخەی گبوەنلەین جایی گوەنگە قەدر 3(0) کیلومیتر اوزونلو قا سیلچین ناملق سیپل سوقودو. بو سیپل ئوستیدە بیر یر ملیون ئادەم ساقچیلق قلدی. هون حکومتینك نامی تڭری قوت بولوب مشهور پادشاسی تومان خان ایدی. بوخان میلاددین 209یل بورون سیلچیندین اوتوب شەنسی، سەنشیلرنی اشغال قلدی. تومان خاندین سوڭ اوغلی متەخان غربدیکی بارلق تورك قەبلەلرینی اوزیگە اطاعت قلدوردی. یالغوز مانجوریەدە یاشاوا تقان تورکلردین سیانپی، وو-هوان، توپا، جوجان، یاگوجان قەبیلەلری اطاعت قلمیدی. بولرنی ماغول تاریخیدا تاتار دەب ئاتایدو. هونلرنڭ غربی خزر دیڭزی، ایتل دەریاسیغا قدەر کیڭەیدی. شرقی تورکستاندیکی پارچە خانلقار هونلرنڭ اطاعیتی ئاستیدا بولدی. هون دەولیتی کوچلانغان زامانیدا متە خانغا اوغوزخان دیگەن نام بیرلدی. بتون چین خالقی هونلرنڭ اطاعت ئاستیغا کرگەندە؛ اوغوزخان چین پادشاسینڭ قزینی توی قلب ئیلب اورتادا دوستلوق فیدا بولدی.

## جاڭ چوەن

چین خلقی هونلرنی اچکی طرەفدین عاجزلاتماق اوچون جاڭ چوەن دیگەن آدەمنی سیاحتچی نام بلەن هونلرا چیگە کرگوزیدو. جاڭ چوەن قاراقورومدا 10 یل قاماقدا یاتیدو. بوندین چیقب ایلیغا باریب، اوسونلرنی هون اطاعتیگە قارشی عصیان قلماقغا ... وەت قلدی. اوسونلر استقلال اعلان قلب عصیان کوتەرگەن بولسیمو، هون عسکرلری کیلب باستوروب آلدی. جاڭ چوەن فرغانە، سەمرقند، اوگوز قتارلق جایلارغا باریب اوز یورتیغا قایتب کەلدی.

## هون دولیتی نلڭ عاقیبتی

میلاددن 40 یل بوزون هون شهزادلر یلدین چیچی خان، خوجا نی خانلر اورتاسیدا حکومت تالاشیب سوقرش چقدی. یڭلگەن چیچی خان اوز تابعەسی بالەن غربکە قاچیب تڭری تاغی نلڭ شمالیدا سوغوت قوشولوب بر دەولت قوردی. خوجانسی خان ا. اچکی مانغولیە، شەنسی، سەنسی، گەنسو اولکەلرینی ایگلەب بر دەولت قوردی. بونڭغا جنوبی هون، اولغیغا شمالی هون دەب نام بیرلدی.

شمالی هون تیز قووەتلەندی. بونڭغا قارشی میلادی 70-یلی چن، جنوبی هون، سیانپی، هو-آنلر برلیشیب شمالی هونغا هجوم باشلادی. شمالی هون دەولیتی یڭیلیب اولا تاغلریدین اوتوب خزر دیڭزی، اورال تاغلریغا کوچوب کەتدی. (کیین بولار یاوروپادا غربی هون دەولتینی قورغان.) شمالی هون ییقلغاندین سوڭ، جنوبی هون 230 یل چین حمایەسیدە قالیب، کیین عصیان کوتوروب بتون چینگە حاکم بولدی. میلادی 352-یلی توپا تورکلری جنوبی هوننی یوقاتدی.

ئاسیادا 2000 یل حکوم سورگەن هون دەولیتی ییقلدی.

## چین عسکرلرینڭ برنچی قیتم بو یورتقا چیقشی

هون دەورینە میلاددین 40 یل بورون چین دان چاڭ-کی آتلق ادەم عسکر باشلاب شرقی تورکستاننی اشغال قیلب 49 یل حکوم سوردی. میلادی نلڭ 73-یلی شمالی هون ییقلغاندا، چین دان بەن-چاو دیگەن آدەم عسکر باشلاب چیقب دەستلەب بارکول، قمول، قوموني اشغال قلدی. اوندین سوڭ چرچن، خوتەن، یارکند، قەشقەر، اوچ خانلقلرینی اشغال قلدی. کوچارخانی کون خان کنگت (قراشهر) اوسور، سوغوت خانلریدین یاردەم ئیلب قاتتق قرشلق کورسوتوب بەنچاونی قەشقەردین چیکندوردی. میلادي

90- يلى باختر، هندستاندين ياوچى توركلرى كيلب قەشقەردە بەنچاوغا هجوم قيلب اوزلرى يېكلدى. ميلادى 150- يلى قوشخار دەولتى نلڭ باشليغى كانيشكاى باختردين چيقب شرقى توركستانغە هجوم قيلب بەنچاونلڭ قووەتينى چقارەى. شرقى توركستاندا ينە پارچە دەولتلر ميدانغا كەلدى. مانجوريەدە باش كوتورگەن سيانپى توركلرى شمالى هون توپراغينى اشغال قيلب اوتوب ميلادى 340-يلى بتون شرقى توركستاننى باسيب آلدى.

## توپا، جوجان، نقيل دەورى

سيانپى دەولتى يقلغاندين كين باش كوتورگەن توپاتورلرى قدرخان تاغنلڭ شمالى، شرقى موڭغولستان، شەنشى، خونەن، گانسو قتارليق جايلاردا دەولت قوروب ميلادى 447-يلى شرقى توركستاننى اشغال قلدى.

مانجوريەدە تاتار ناتى بلەن مشهور بولغان توركلر ميلادى 310- يلى بر كچيك دەولت قوروب غربكە يوروش قيلب، 460- يلى شرقى توركستاننى توپا توروكلرى قولىدين تارتيب الدى.

سيلچيننلڭ شماليدا ياشغان نقيل توركلرى ميلادى 464- يلى يورتينى تاشلاب غربكە كوچوب حاضرقى بدخشاندا نقيل شهرينى مركز قيلب بر دولت قوردى. ميلادى 480-يلى افغانستان، غربى، شرقى توركستان، پنجاب، كشميرنى اشغال قليدو. شرقى توركستان 500 يل قدەر نقيل دەولتينلڭ اطاعتيدە بولودو.

## گوك تورك دەولتى

هون دەولتى يقلغاندين كين بر قسم توركلر آلتاى تاغينلڭ اوتمەك ترس جلغەسيغا بارىب اورونلوشوب ٤٠٠ يل ياشاغاندين سوڭ بو جلغەدە تمور كشف قلب، تمور صناعتينى ترەققى قلدوردى. بولاردين بومينخان ديگەن آدەم ميلادى ٥٥٢-يلى جوجانلرغە قارشى عصيان كوتوروب اوتوگيننى مركز قيلب گوك

تورك دەولىتى دەپ بىر دەولەت قوردى. كوك توركلر 555- يىلى بۈتون توركستاننى اوزىگە اطاعت قىلدىردى. كوك تورك دەولەتى ايكى پارچەغە بولونوب تالاسنى مركز قىلغان غربى كوك تورك ايەستەمى خان (بومين خاننىڭ ئىنىسى) ادارەسىدە، شرقى كوك تورك بومين خان (لقبى ال خان) نىڭ ادارەسىدە بولدى. ميلادى ٥٤٥- يىلى كوك توركلر ايران پادشاھى نوشيروان بىلەن برلشب نقيل دەولتىگە هجوم قىلىب اونىڭ توپراغىنى باسىب آلدى. كيين كوك توركلر نوشيروان بىلەن هم سوقوشوب باختر، تاخارستاننى ئارتىب ئېلىب، ٥٧٥— يىلى روم دەولتىگە هجوم قىلىب قرم ولايتى، بوسپور قلعەسى، خرصوم شەھرلىرىنى ئارتىب آلدى.

## كوك توركلرنىڭ عاقبتى

كوك توركلر ٥٨٠ — يىللىرىدىن باشلاب عاجزلاشقا باشلىدى. شمالى آلتايدا ياشىغوچى تولو قەبىلەسى (حاضرقى قالماقلر) چيننىڭ ياردەمى بىلەن كوك توركلرگە قوزغولاڭ كوتەردى. چين عسكرلرى شەھرىگە هجوم قىلدى. تولولار بىلەن چينلار ٦٣٠ — يىلى كوك تورك دەولتىنى يىقتدى: ٦٤٩— يىلى كوك تورك آولادىدىن قولا خان باش كوتوروب، تولو، چينلارنى يىڭىب، ٦٥٠ — يىلى غربى كوك تورك دەولتىنى قوردى. بونىڭغا قارشى چينلار بۈتون كوچىنى توپلاب آلتاى، ايلى، تووە ٣ بولوب هجوم باشلىددى. بىر يىللىق سوقوشدا يىڭى قورولغان غربى كوك تورك دەولتى يىقىلىب ١٠٧ يىل حكوم سورگەن كوك تورك دەولتى تمام بولدى.

## تيبەت نىڭ استيلاسى

٧ — عصردە تيبەت خلقى قوتلوك بىر دەولت حالىغا كيلىب، ٦٦٣— يىلى تيبەت پادشاھى گامپو كوكو (چىڭخەي) دىكى تنگوت توركلرىگە هجوم قىلدى. كوكودىن چوچن يولى ئارقىلىق شرقى توركستانغا باسىب كرىب، چين قووەتى بىلەن سوقوشوب ياركند، خوتەن، قەشقەرلرنى اشغال قىلىب ٦٩٢— يىلىغىچە جنوبى اوز [illegible] توتتى.

# شرقده قوتلوق غربده تورگش دەولیتی

كوك تورك دەولیتی ییقلغاندن سوڭ اولارنڭ اولادیدین بولغان ایلتریش بگ ٦٨٠— یلی عصیان كوتوروب اوتوگینی باسیب ایلیب، ماڭغولستاندین چین عسكرینی چقاریب مانجوریەگە قەدەر شرقدە قوتلوغ دەولیتی قورودو.

٧— عصردە توبول، ایرتش دریاسی بویىدا یاشاواتقان تورگش قەبیلەسی ٦٩٠— یلی، غربی انجە، جنوبی تڭری تاغی، شرقی باركول، شمالی قرغز یایلاقلری ئاراسیدا بر تورگش دەولیتی قورودو.

٦٩٩— یلی قوتلوق دەولیتی باشلیغی قاپاغان تورگشلرگە هجوم قیلیب، تورگش یورتینی اشغال قلغاندین تاشقری، قوچولولان، قرا شهر، كوچار، ئاقسودین چین تەئسیرینی، قەشقەر، خوتەن، چرچندین تیبت تەئسیرینی چقاریب ئاشلادی. بوزاماندا عرب اسلام عسكرلری ایراندین اوتوب سوغوتقا قەدەر ییتیب كیلیب قالغان ایدی. شونڭ اوچون قوتلوق دەولیتی چین، تیبت، عرب عسكرلری بلەن سوقوشماققا توغری كەلدی. قوتلوق دەولیتی عاجزلاب تورغاندا، تورگشلردین سولو قاغان باش كوتوروب شرقی توركستان، تاخارستان، فرغانە، تاشكند، سمرقند قتارلق جایلرنی اشغال قیلیب اسلام عرب عسكرلرینی اوگوز دەریاسیغا قەدەر ئارقیغا چیكندوردی. سولو قاغان بو سوقوشدان قایتیب توقماق شهریگە كیلیب توشكەندە، اسیغ كولنڭ شرقیدیكی سرغ تورگشلرنی ادارە قیلیب تورغان كول چور باغاترخان زیارەت قیلیمەن دیگەن نام ئاستیدا كیلیب سولوقاغاننی اولتوردی. بو واقعەدن سوڭ قارا تورگشلر بلەن، سرغ تورگشلر اورتاسیدا سوقوش بولوب، كول چورخان قارا تورگشلرنی چیندان یاردەم كەلتوروب یەڭدی.

## گاوسين چى وه كول چورخان

قارا توركشلرنى يوقوتوشىدا كول چورخانغا ياردەمغا كەلـ
گەن چىن عسكرينىڭ قوماندانى كاوسين چى، ياردەم بەرگەن فر
صتدىن فايدىلىنىب آلتاى، ايەل (چوچەك)نى اشغال قيلب آلدى.
كول چورخان بلەن اورتاسي بوزولوب سوقوش باشلاندى. كول
چورخان مغلوب بولوب، كاوسين چى غربى توركستانغا قـدەر
اشغال قيلب عرب اسلام عسكرلرى بلەن توقونوشدى، عرب عس
كرلرى طرەفيدىن يىڭلگەن كاوسين چى بر قانچە ئادەمى بلەن
ئوز يورتىغا قاچيب كەتدى.

# 2ـ باب. اورتا چاغ تاريخى

## شرق اويغور دەولىتى

بوگون توركستاندين كوچوب باريب شمالى ماڭغولستاندا،
يەرليشب قالغان اويغور قەبيلەسى ٨- عصردە شمالى ماڭغولستان
دا شرق اويغور دەولىتى دەب بر دەولت قوردى. بو اويغـورلر
هون، كوك تورك دەوريدە شولارغا تابعە بر قبيلە بولوب ياشي
غان، ٧٤٠- يلى بايقال كولى اطرافيدىكى بسمل قبيلەسينى اوزي
گە بويسوندوروب، قارابالاساغوننى مركز قيلب بر دەولت قور
دى. بو دەولتنىڭ چگاراسى غربى آلتاى، جنوبى گانسو، شەن
سى گە قدەر كەڭەيدى. بو اويغور دەوليتى تورك خلقى ئچيدە
مدەنى قوم بولغانلقدين اورخون دەرياسى بويىدا يىڭى مدەنيت
ياراتب، تورك مدەنيتيگە يىڭى نەمونەلر كرگوزدى. كوپ عالم
لەر يىتشدى.

## شرق اويغورلرنىڭ توريان اطرافيغا كوچوب كلشى

شرق اويغور دولتىنىڭ اطاعيتى ئاستيدە ياما (يەنسى) دەر
ياسى بويىدا ياشاواتقان قرغزلر ٨٤٠ـ يلى اويغور دەولتيگە قار
شى قوزغولاڭ كوتوروب، قارابالاساغوننى باسيب ئالدى. بـو

سوقوشلدا يېڭىلگەن اويغورلار بىرەر مىڭ يىل ياشاغان شىمالى موڭ
غولستاننى تاشلاپ بىر قىسمى گانسونىڭ شىمالى قىسمىغا كــوچوپ
كەلدى: يەنە بىر قىسمى اوچ ايل (غربى گانسو) قمول، قوچو،
بەش بالىق، كىنگىت، لولان قتارلىق جايلارغا كوچوپ كېلىپ بو بەر
دە ياشاواتقان تورك قەبىلەسىگە قارىلىشىپ كەتتى. ئاز زامان اوت
مەي بولار بو جايلاردا بىر اويغور ايلىقوت حكومىتى قوردى. بـو
ايلقوت قەشقەردە قاراخان دەولىتى قورۇلغـانغا قەدەر مستقىـل
ياشىدى.

# اويغورلارنىڭ دىنى وە مەدەنىتى

قدىم زاماندا اويغورلار بومەن دىنىدا ايدى. 150 ـــ يىلــى
غربدان كەلگەن بودا دىنىنى قبول قىلدى. $7\epsilon_2$ ـــ يىلى چىن دەو
لتىدىن كەلگەن مانى دىنىغا كىردى. اسلام دىنىغا كىرگەنگە قەدەر
بودا دىنىدا بولدى. مەدەنىيەت جەھەتتە تارىخچىلارنىڭ تەكشۇرۇشىگە قارى
غاندا، مانجورىيە، ماڭغولىيەدە ياشىغان تورك قەبىلەلىرى آراسىـدا
اويغورلارنىڭ مەدەنىيەتى اوستۇن ايكەنلىكى معلوم بــولغان. 7 ـــ
عصردە بەش بالىقدا ياشىغان بىر اويغور اديب چىن تىلىدا يازىلــ
غان سوترا (بودا كىتابى) نى اويغور الفباسى بىلەن توركچە
گە ترجىمە قىلىپ چىققان. بو كىتابنى حاضر ياوروپا موزىخانەلىرى
«آلتون ياروغ» دېگەن نام بىلەن ساقلىماقدا. اورخون بويىدا اوي-
غورلەرغا منسوب كوپ آبىدىلەر، اثرلەر تاپىلغان. چوڭ بالىق (گوچوڭ)
ايلى بالىق، مىڭلاق، سمەي تالاس قتارلىق شەھەرلەرنى اويغــورلار
سالغان. هونلەر، كوك توركلەر دەورىدە اولارنىڭ مصلحتچى، كاتىپ
مهىم آداملىرى اويغورلاردىن بولغان.

# قارا خانلەر دەۋلیتی

قدیمدن آلتی شەھردە یاشاب کەلگەن تورکلر کوب زامانلار غا قەدەر باشقا تورك قەبیلەلرینىڭ اطاعتی آستیدا یاشاب کەلگەن بولسەمو، 821 — یلی غا یەتکەندە، تیبت خلقینی ھایدەب چقریب خوتەن، آقسو، یارکند، کوچا خانلرینی برلەشتوروب بر مستقل دەۋلت قوردی. بو دەۋلتکە بورونقی آتا — بابالرینىڭ عنوانی بول غان قاراخانلر دەۋلتی دیگەن نام بیریلدی. میلادی 880 — یلی قارا خانلق تختیگە اولتورغان بوقاخان شمالدیکی اویغور ایلقوت حکومتی بلەن سوقوشوب چرچن، لوب، میران دیگەن جای لرنی تارتیب آلدی. بو واقتدا شمالدا قمول، آلتای، توربان، بەش بالق، ایمیل، ایلی قتار جایلاردا اویغور ایلقوت دەۋلیتی، آلتە ی شەھردە قاراخان دەۋلتی میدانغا کەلگەن. اوندن صونك قاراخانلر دەۋلتی شمالدیکی قارلوق، یغما، توخسی، اوغراق، چیگیل قەبیلە لرینی ئوزیگە بوی سوندروب، بالاساغون بلەن، قەشقەرنی پای تخت قلدی. کیین اویغور ایلقوت حکومتی قاراخان دەۋلتیگە مخ تاریات حالدا اطاعت قلدی.

# اسلام دین نىڭ کریشی

تورك خلقی اسلام دینیغا کرشدن بورون بودda، مانی، شمانی دینلریدە ایدی. آلتی شەھردە قارا خانلر دەۋلتی قورولوشدن بو رون عرب اسلام عسکرلری کلاب غربی تورکستان تورکلری نىڭ کوپچولیکنی مسلمان قیلغان. غربدیکی اسلام دینی شرققە بە ضی سوداگر، سیاحتچیلر بلەن کرشکە باشلیدی. 932 نچی یلی بوخارادیکی اسلام سامانی دەۋلتیدین ابو نصر آتلق بر عالم کاروانلرغا باش بولوب آرتوچ قا کەلدی. بو عالم یولداشلری بلەن نمازنو تەب اولتورغانینی آوغا چقان خانلەر پادشاسی نىڭ اوگەی ئوغ لی ستوق بوغراخان کوروب قالدی. ستوق بوغراخان بونگدن حیران بولوب بونلەردن سورادی. اسلام دینی نىڭ حقیقتینی بیان

قیلغاندىن صوڭ زیرەك ستوق بوغراخان ایمان كەلتوروب مسلمان بولدی. اما مسلمان بولغانینی مخفی توتوب ئوزینڭ اشەنچلىك دادملرینی مسلمان قیلب بر جمعیت تشكیل قیلدی. پلان بویچە ستوق بوغراخان قەشقەرغە كیلب ئوگەی آتاسی ایسن بوغرا خاننی اولتوروب، ئوزی خان بولدی. وە بتون قول آستیندەكی یورتلارغا اسلام دینیغا كریشلر دەب بویروق توشوردی. یارکند بالاساغون، قارلوغلر قارشیلق كورسەتمەی مسلمان بولدی. امما كوچا، خوتەن خلقی وە ایغورلار قبول قیلمای قارشی چقدی.
ستوق بوغراخان ئوزی خوتەننی قایتا اشغال قلب خلقینی مسلمان قلدی. كوچار، قراشهرنی قولغا الب ایلیدن ئویغورلارغا هجوم قلدی. ئویغورلار بورونقی دیندان چقماسلق شرط آستیدا ینە قارا خانغا اطاعت قلدی.

# موسی بوغراخان، هارون بوغراخان زامانی

ستوق بوغرا خان 22 یل حكوم سوروب وافات بولغاندىن صوڭ ئوغلی موسی بوغراخان خان بولدی دیگەن خبرنی آڭلاغان خوتەن خلقی، ئویغورلار ینە اطاعتدن باش تارتب قوزغولاڭ كوتوردی. موسی بوغراخان خوتەننی اشغال قلدی.
اسلام دینینی تارقاتشدا ستوق بوغرا خانغا یاردەم بەرگەن ابونصرنڭ ئوغلی عبدالفتاح (لقبی الب تكین غازی) موسی بوغرا خاننڭ امری بلەن ایلیدیكی ئویغورلارغا هجوم قیلب، ایلیدیكی بوت خانەلرنی چاقدی. ئویغورلارنی هایداب چقاردی.
ئوچینچی یلی الب تكین غازی قاراشهر یولی بلەن تورپانیدیكی ئویغورلارغا هجوم قیلب، ئویغورلارنی بەش بالق طرەفكە سوروب چقاردی. ئارقادن قوغلاب كلگەندە بەش بالق رایونیغا كوچوب چققان ئویغورلار تڭری تاغینڭ جنوبیدیكی تاغلارغا استحكام قوروب قاتتق قارشیلق كورسەتدی. بو سوقوشدا الب تكین غازی شهید بولدی. ئویغورلار ینە كوچلەنب تورپان، كنگتنی قایتوروب آلدی. شهید بولغان الب تكین غازینڭ مازاری حاضر ئەن سەن تاغیدادور.

هجرەنڭ 372نچی یلی موسی بوغراخان ئولوب، ئینیسی
هارون بوغراخان خان بولدی. بو ئویغورلارنی ئوزاطاعتی آستیغا
کرگوزوب بولوب، عاجزلاب قالغان سمانی دەولتیگە هجوم قیلب
رغانه، سمرقاند، بوخارانی ئشغال قلدی. هارون بوغراخان سمر
قندە اغریب ئولگەندن صونڭ بورونقی سمانی دەولتنڭ قاچب
کتکەن پادشاسی امرنوح سالجوق دەولتیدن یاردەم الب بوخارانی
قایتوروب آلدی. بوغرا خانلر ئەولادیدن بولغان ایلكخان (علی
تکین) هجرەنڭ 371نچی یلی بوخارانی ینەباسب آلب 127یل حکوم
سورگەن سمانی دەولتنی یقتدی.

# قاراخان دەولیتی نڭ عاقیبیتی

قراخان دەولتیدە هارون بوغرا خاندن صونڭ یوسوف قدر
خان، ایلكخان (علی تکین) محمود بوغراخان، طغرول بوغرا
خان، ابراهیم خان خانلق قلدی. اڭ اخرقی دەورلردە قاراخانلر دەو
لتی غربی تورکستان شرقی تورکستان دەب ایکی پارچەغە بولونگا
لدی ئورتادیکی چیگرا پامیرتاغی، انجەدەریاسی بولدی. میلادی
1136نچی یلی قارا خطایلر خانی نوسی گورخان شرقی تورکس
تاننی اشغال قلب قاراخان دەولتینی یوقوتوب خاقان دەولتینی
قوردی. 680یل حکوم سورگەن قاراخان دەولتی یقلدی.

# قاراخانلەر دوریدە مدنیت

قاراخان دەوریدە عرب مدنیتی بلەن تورك مدنیتی برلەشپ
کوب عالم - فلاسوفلر یتشدی. یڭی عمارەتلر، جامع، مەدریسە،
گومبازلار قورولدی. عسکری اشلر رەسمی تشکیللی یولغاقویولت
دی. ساز-موزیقا کوپ ریواج تاپدی. بو گونکی دەوردە بیوك کوب
قممەتکە ایگە بولغان دیوان لغت الترك ئاتلق قاموسنی شوزاماند
ا محمود کاشغری اشلەپ چقان. عالم یوسف طرەفیدن قوتاتقوبلیك
ناملق اثر مەیدانغا کلگەن. بونڭ سرتیدا کوب رومان، قصە،
حکایە، داستانلر یازیلغان. بونڭ سرتیدا صناعت، تجارەت، زیرا
عتچیلك کوب ترقی قلدی.

# قاراخطاى دەولىتى

مانجور يورتىنىڭ جنوبى قسمىدا ياشغان قارا خطاى ئاتەلىق
برتورك قەبيلەسى، شرقى ئويغورلارينى مغلوب قلغان قرغزلەر
بلەن سوقوش قلب، شمالى ماڭغولوستاندن قرغزلارنى بوروتقى
يوتلىرى بولغان ينى سى (ياما) غا قوغلىدى. ميلادى 907 - يلى
قارا خطايلر شمالى چينغا هجوم قلب، پچلى رايوننى اشغال قلب
بەى جين (خان بالق) نى مركز قلدى 993 — يلى قوريەنى ئال
دى.1004—يلى چين دەولتى قاراخطايلارغا اطاعت قلدى.

يوقوردا ايتلغان دويچە قارا خطايلار آلتاى يولى بلەن شر
قى توركستاننى اشغال قلب قارا خانلر دەولتىنى يقتدى.

# اويغورلار قوزغلاشى

هجرەنىڭ 605 — يلى ئويغورلار، قاراخطايلارنىڭ ايدقوت يورتى
غا قويغان باشلق شادكامنى اولتوروب استقلال اعلان قلدى.
وە مانغوليەدە يىڭى باش كوتورگەن چىڭغزخاندىن ياردەم. سو
راب دەور باى ناملق برئادەمنى كوب سوغات بلەن الچى قلب اي
بەردى. چىڭغز خانغا اويغورلاردن كوب معلم، كاتبلار ايبەرديلر
چىڭغز خان قبول كوروب ياردەم بەردى. قاراخطاى پادشاسى گور
خان خوارزم شاەنى مغلوب قلغاندن صوڭ، ئويغورلار قورقوب
چىڭغزخاننىڭ حمايەسيگە كردى. خوتەن خلقى هم قاراخطايلاردن
باش تارتب چىڭغزخان حمايەسيگە كردى. بوننىڭ سرتىدا ايمل
اطرافيدا كوچلوك خان باش كوتوروب قاراخطايلارنى سوقوشوب
يقاتدى

# يورتنىڭ چىڭغزخان قوليغا اوتشى

ميلادى 1217 — يلى چىڭغز خاننىڭ چەتە نويان ئاتلق برقوما
نداننى قارا خطايلر دەولتينى يقتقان كوچلوك خان بلەن سو
قوش باشليدى. بو سوقوشدا ئويغورلر، قارلوغلر چىڭغز خان
غا ياردەم بەردى. كوچلوك خان قەشقەر، بەدەخشان قاتارلق جاي

لرغا چیکینب باریب ئاخری ماشغوللار قولیدا ئولدی. چیڭغز
خان ئالتی شهرگه ئویغورلاردن ماشلای سهیا ئاتلق ئادهمنی
باشلق قیلدی؛ بو ئادهم ئاقسانی بولغانلقدن چیڭغزخان ئونی
دوغلات دهب ئاتار ایدی. ( دوغلات موڭغولچه ئاقساق دیمکدور)
چیڭغز خان دهوریده سودا تجارهت کوچلینب چیڭغز خان طره‌ف
دن تورت یوز کشیلك بر کاروان شرقی تورکستاندن خوا
رزمغا باردی. بو تورت یوز ئادهمنی خوا رزم شاهی چیڭغزنڭ
جاسوسلری دهب بوخارادا ئولتوردی. بو سبب بلهن چیڭغزخان
غربکه یوروش قیلب سوقوش باشلادی. ئاخری غرب تور
کستان هم چیڭغزنڭ قولیغا ئوتدی

# چیڭغز خاندن سوڭغی احوال

چیڭغزخان حیات واختیدا ئوزیگه طابع بتون دهولتنی 3 ئوغلیغا
تقسم قیلب بهرگهن. غربی تورکستان وه شرقی تورکستاننڭ
ئالتای ایمیلدن باشقا جایی 2نچی ئوغلی چغتایغا بولوب بریل—
گهن. ئالتای ایمیل 3نچی ئوغلی ئوکتایغا بریلگهن؛ چیڭغزخان
دهولتینڭ چیگراسی غرب بولغاریه، شمالی سبریه، شرقی یاپو
نیه، جنوبی کوك دهریا، تیبهت ایرانغا قدهر کهڭهیگهن. چغ—
تای خان ئالمالقنی پای تخت قیلدی. چیڭغزخان ئولگهندن صوڭ
1228نچی یلی قارا قوروممغا باریب ئوندا تورردی. قوبلادا تور
غان ئوکتای خاندانی ئالتی شهردیکی دوغلات بگنی، ئویغور
ایدقوت حکومتینی ئوزیگه اطاعت قلدوردی. بورون بولر یرم
مستقل حالدا یاشیغان. چیڭغزخان زمانیدا ئویغورلارنڭ علماء
لهریدن کوب علم وه یازو ئوگونوب حکومت اشلرینی ایلب
بارغان.

چغتای ئولوب بالالری زمانیدا ایمیلدن ایسین بوغاخان
باش کوتوروب چغتای دهولتیگه باش بولدی.

# توغلوق تمور دەورى

ئيسىن بوغاخان ئولوب ئورنىغا خان بولغودەك ئوغلى يوق ئىدى. كىچىك خاتونىدىن بولغان 8 ياشار توغلوق تمورنى چوڭ خاتونى ماڭغولىيەگە هايداۋاتقان بو ئورتادا خانلىق تالاشىپ چىقتاى، ئوكتاى اولادى ئورتاسىدا سوقوش چىقدى: ئاخرى بولماى توغلوق تمورنى 18 ياشقا كرگەندە خانلىق تختىگە ئولتورغوزدى. توغلوق تمور خان بولوب 4نچى يلى مولانا راشدالدين ئاتلىق عالمنىڭ دەعوەتى ايلە اسلام دينىغا كرگەندىن صوڭ مسلمان بولميغان ئاددملرنى مسلمان قيلدى: شرقى تــوركستانــغا خـــان بولغان.

بو توغلوق تمور ميلادى 1328ــ يلى غربى توركستاندا چىڭغز خان كيەيتىنى يىقتان بارلاس توركلرىگە قارشى سوقوش آچلدى وەغربى توركستاننى قولغا آلدى. كيىن بونىڭغا قارشى غربى توركستاندىن ايلياس خوجە، تمور بگلر قوزغولاڭ كوتوردى. توغلوق تمور ئولگەندىن صوڭ توركستاندا تموربك، امير حسن، ايلياس خواجە، قمرالدين بك، شمش الدين بك، دوغلات بكلر ئورتاسىدا كوب تالاش تارتشلر بولوب ئوتدى.

## ئويغورلرنىڭ مسلمان بولغانى

ميلادى 1357-يلى توغلوق تمورنىڭ كچىك ئوغلى خضر خوجە ئوغلان خانلىق تختىگە ئولتوروب، 1355ــ يلدىن باشلاپ چين عطاعتيدە بولوب قالغان قمول، باركولغا 1381ــ يلى عسكر ماڭدوروب، بو جايلارنى اشغال قيلدى. وەايلى قوت حاكيميتىنى يوقوتوب، بو واقتقا قدەر مسلمان بولماى كەلگەن ئويغور لارنــى قاتتىق سوقوشلاردىن سوڭ زورلاب مسلمان قيلدى. خضر خوجە ئويغور يورتىنى آلغاندىن صوڭ توربان نى بغا قيلب (توربان ماڭغولچە مىوەلك ديگەن سوزەور) ويلايەت مركزى قيلدى. خضرخوجە زامانيدەن باشلاپ توربان اطرافيدىكى ئويغــورلر اسلام دينىغا كرگــەن بولدى.

# چیغتای موگغول دەولیتینك ییقلغانی

چغتای اولا دیدن بولغان خضر خوجە خان وافات بولغانىدن صوڭ ئونوڭ ئولادیدن محمد خان، شمع جهان خان، شیر محمد خان، اسین بوغا خان، یوسف خان، سلطان محمود خان، محمد شیبانی خانلر خان بولوب ئوتدی.

سلطان محمود خانغا قدەر بولغان 300 یللق دەولتنی چغتای موگغول دەولتی دەب آتایمز. چغتای دەولتی دوریدە تالاس، ایلی، یتی‌سو، ایمیل آلتای ئولکولری سوقوش میدانی بولوب مدەنی شهرلر خراب بولوب، بوجایلار کوچمەنچی ماگغوللار نڭ یایلاقیغا آیلاندی. آلتی شهر، بەش بالق، توریان ئولکە لری ئونچە وەیران بولمیدی. سلطان محمود خاننڭ وافاتی بلەن چغتای دەولتی ییقلدی.

## سعیدیە دالای دەولیتی

سلطان محمود وافات بولغاندن صوڭ چغتای ئەولادیدن خان بولغودەك آدام قالمیدی. آلتی‌شهر نڭ غرب وەجنوب قسمی سلطان، ابابکری ایدارەسیدە، کوچاردن قمول، بەش بالق، ایلیغا قدەر جای آلاچە خان ئوغلی منصور خان نڭ ادارەسیدە، اسیغ کول اطرافی وەیەتتی‌سو ئولکە لری کوچمەنچی قبیلەلر ایدارەسیدە بولوب قالدی. 1502 یلی سعیدە خان سلطان آبابکرینی قاچوروب ئوزینی شرقی تورکستانغا خان قیلب، ملی تورك دەولتی قوردی. سعیدە خان بولسا، احمد آلاچە خاننڭ ئوچونچی ئوغلی دور. سعیدە خان کوچلانغاندن سوڭ آغالری بولغان منصور، ایمین خواجەلر هم ئونوڭ اطاعتیگە کیری.

سعیدە دەولتینڭ چیگاراسی غربی پامیر، فرغانە، شمالی بالقاش کولی، تارباغاتای تاغلری، شرقی موگغولستان، چینغا قدەر بولدی. 1505- یلی سعیدە خان ختەنگە سیاحت قیلدی. بو وقتدا چرچن چارقلق وەقریم اهالیسی بولغان ئویغورلار اسلام

دینینی قبول قلمای بوددا دینیدا قالغان ایدی. سعیدخان سریق ئویغورلارنی اسلام دینغا کیرگوزەلمگەچکە ئوچون چرچنگە عسکر ماکلوردی. سریغ ئویغورلار ئوزاق تاغ، جانگگالالرغا قاچپ کەتتی. سعیدخان خوتەندە تورغاندا، قاراقول (نارین باز غان) دیکی قرغزلار والیسی محمد، سعیدخاندن باش تورمە ئوچون ئوزبیکلر بلەن دوستلق تورغی دیگەن خبر آنگلاندی سعیدخان دەرحال بارسغانغا باریب محمد قرغز باشلق قرغزتالرینی توتوب، ماللرینی ضبط قلیب، قرغزلارنی ئوز اطاعتیدا ساقلاب قالدی.

## قازاق وە ئوزبیکلەر

قدیمقی زامانلاردین باشلاب شرقی یاوروپا، سبیر، خزر، آرال دینگزی، توبول، ایرتش دەریاسی بویلریدا یاشیغان کوچمنچی توروکلەر. نایمان، کیرایت، قونگرات، ئویرات، پنچک، آلاچ، ئوغون، چاپاس، قاما، باشقرد، چواش، چرمیش، چگل، بسمل، قالا دیگەن نام آستیدا یاشاغان. چنگغز خاننگ آلتون ئوردا دەولیتی زەعیفلاشقاندا، بولار آلتون ئوردانگ اطاعتیدان قاچیب یراق جایلاغا باریب عصیان کوتوروب استقلال اعلان قلغان. بو قاچقوچی تورکلەرگە قزاق آتی بریلگەن. شوندان باشلاب بولارغا قازاق آتی سنگگەن. 1481 — یلی احمد کدای خان، براندوق خان، قاسم خانلەر قپچاق دشتی، سبردە یاشاواتقان بو قازقی کوچمنچی تورکلەرنی ئویوشتوروب بر دەولت قوردی. بو دەولت 1723 یلیغاقیچە یاشادی. بونگغا قازاق دەولیتی دەب نام بریلدی.

ئوزبیک بولسا، چنگغز خان اولادیدین غربی تورکستانغا خان بولغان بر خاننگ لقبی، بو لقب آستا — آستا بر خلقننگ نامیغا ئوزگوروب، غربی تورکستان خلقی ئوزبیک خلقی دەب آتالیشقا باشلیغان.

## قازاق قرغز قالماق واقعەلری

سعیدیە دەولیتی 1510 — یلی ایمیلدیکی قالماقلەرنی ئوزیگە قاراتدی. بولار بورون چغتایغا قاراب، کین مستقل پاشاغان 1513 — یلی قازاق خانی طاهر خان ئوز تابعەسی منفتقەبیلەسینك قوزغولوشی بلەن یکیلیب، سعیدیە خان حمایەسیگە قاچب کیلیب، بو جایدا توروب قرغزلار بلەن مخفی علاقە توزدی. 1514 — یلی طاهر خان قرغزلار بلەن برلشب تویوقسزدین قوچقار باشیغا هجوم قلیب کردی. بونی سعیدیە خان آڭلاب دەرحال عسکر ماڭدوردی. طاهرخان، قرغزلار ایلینك شرق طرەفیدیکی کونگس یایلاقیغا یوتکولوب آلدی. آخری سعیدیە خاننك قوودتی عاجزلاب قازاق وە قرغزلار شرقی تورکستاننك شمالی قسمینی ایگیلەب بر دەولت تشکیل قیلدی.

## سعیدیە دەولتینك اخرقی دەوری

سعیدیە خان آخرقی دەوردە ئوغلی سلطان عبدالرشید، کیوغلی حیدرمرزالەرنك قوماندانلیقی بلەن بلورستان؛ بدخشان، تیبت، کشمیر، کوکوقاتارلق جایلەرنی ئوز اطاعیتی آستیغا کرگوزدی. سعیدیە خان وافات بولوب ئورنیغا ئوغلی عبدالرشید خان بولدی. بونك زامانیدا ئالتای، ایمیل دن باشقا شرقی تورکستان توپراغی سعیدیە ملی دەولتی بولوب قالدی. بو دەوردە یورتدا تنچلق داوام قلدی. 1559 - یلی عبدالرشیدخان وافات بولوب ئورنیغا اوغلی شجاع الدین خان بولدی. تورپان والیسی منصور ئورنیغا اوغلی شاه خان بولدی. سعیدیە ملی دەولتینك آخرقی دەوریدە ئونك اولادی عبدالکریم، محمدخان، عبداللطیف لر خان بولوب ئوتدی.

عبدالرشید خان اولادیدن تورپانغا والی بولغان عبدالرحیم خاننك ئوغلی عبدالله خان اچکی اختلافنی باستوروب، بتون سعیدیە دەولتیگە خان بولدی. 1639 - یلی یارکندنی مرکز قلیب ئوزینی خان اعلان قلدی. عبدالله خان غربکە یوروشکە حاضرلینیب تورغاندا، خوقەند، تاشکند خانلری هم اطاعت قلدی. عبدالله خان یورتنك سوچیلق تعمیرات اشلریغا کوب کوچ چیقاردی؛

1656 - يلى چرچن تاغلريديكى سرغ ئويغورلارنڭ قوزغولاڭى باشلاندى. عبدالله خان بوقوزغولاڭنى باستورماق ئوچون كوب عسكر ماڭدوروب كريا، چرچەن تاغلريديكى سرغ ئويغورنڭ كوب قسمىنى ئولتوروب، قوزغولاڭنى باستوروب آلدى.

## قالماق لەر استلاسى

عبدالله خان زامانيدا، قالماقلر كوچلونوب، قازاقلرنى يېڭيب 1651 - يلى غولجا، بەش بالق، تورپان، قمولغا قدەر هجوم قلب عبداللەخاننڭ قووەتينى عاجزلاتدى.

شونداق قلب فقط آلتى شهرلا عبدالله خان ادارەسيدە بولوب قالدى. عبدالله خان ئوز ئوغلى عبدالمومننى ئولتورغوزوب ئوزى هندستان، مكە قاتارلق جايلارغا باريب چەتلدە ۋافات قولدى. عبدالمومن، يولبارس ئاغا اينى ايككيسى ئورتاسيدا سوقوش چققاندا، عبدالله خان اينيسى اسماعيل بواچكى اختلافنى باستوروب ئوزى خان بولدى. بونڭ زامانيدا مهاجر خواجەلردن هدايت الله خواجەنڭ نفوسى كونلەن - كونگە كوپەيدى. بوآدام خانلق تختينى قولغا آلماق ئوچون مريدلريدن فايدەيلينب 1668 - يلى ياركندنى اشغال قلب، اسماعيل خاننى اسيرقلب ئوزىنى خان اعلان قلدى. 3 - 4 ئاى ئوتمەى خانلق خاندانيدن محمد ايمن خان قووەت توپلاب هدايت الله خاننى ياركندن هايداب چيقاردى. هدايت الله خان ايلى غا قاچيب باريب، قالماق خانى گالدان قونتاجى دن ياردەم سورادى.

## 3 - باب كيينكى زامان تاريخى

### قالماقلر دورى

ئوزوندن آلتى شهرگە كوزى توشوب تورغان قالماق خانى گالدان قونتاجى، هيدايت الله خاننڭ بوتيلەگەن ياردەمينى قبول قيلدى. قالماقلر ئوز لرينڭ شرف عنۋانى بولغان آپاق عنۋانيني تقديم قيلدى. شوندن سوڭ مريدلرى طرەفيدن هيدايت الله

خاننی آپاق خواجه دەپ آتایدیغان بولدی. گالدان قونتاجی
167 — یلی آپاق خواجەنی آلدیغا سالیپ قالماق عسکر لری بلەن
آلتی شهرگه هجوم باشلادی. بوهجومدا آپاق خواجەنڭ تشویقی
بلەن ئۇنوڭ قەشقەر، یارکندیکی مریدلری اچکی طرەفدن یار
دەم بەردی. آخری آلتی شهرنی قالماقلر استیلا قیلیپ آلدی.
170 یل حکوم سورگەن ملی سعیدیه دەولیتی یقلدی. آپاق
خواجه قالماقلر طرەفیدن آلتی شهرگه عمومی والی بولوپ بەلگولەن
دی. گالدان قونتاجی ئۆلگەندن سوڭ ئۇنوڭ نبرەسی رابدان
خان بولوپ تورپان، ایلی، ایمیل آلتاینی اداره قیلیپ، 1701-یلی چین
بلەن ئۇروشوپ موڭغولستان، قمول، بارکوللرنی قایتوروپ ایلیپ،
تبەتنی هم ئۆز اطاعتیگه کیرگوزدی.
رابدان ئولادی دۋانسی، آموسنالار زامانیدا بولار ئورتاسید
ا خانلق تالاشیش سوقوشی کوتورولوپ، آمورسنا مغلوب بو
لوب بەی جینگه باریپ، چین خانی چەنلوڭ (مانجور) دن یاردەم
سورادی. چەنلوڭنڭ یاردیمی بلەن آمورسنا چیقیپ دۋانسی خان
نی یوقوتوپ ئۆزی خان بولدی. یاردەمگه کەلگەن چەنلوڭ عس
کرلری قایتیپ کەتمەی تورغانلقدن 1752نچی یلی آمورسنا چەن
لوڭ عسکرینی چیقارماق ئوچون سوقوشدی. بوعسکرلرنڭ قو
ماندانی چاوخونی قاچیپ کیتیپ، 2نچی قیتم کوپ کوچ بلەن چیقیپ،
آمورسنانی سبرگه قاچوروپ ایمیل، آلتای، غربی موڭغولستاننی
اشغال قیلیپ آلدی. شونداق قیلیپ 1753نچی یلی قالماق دەولتی
یقلدی.

# اپاق خوجه دوری

بوفورقی سورەت بلەن آپاق خواجه والی بولوپ بر قانچه
یل ئوتکەندن سوڭ وافات بولدی. بونوڭ ئورنیغا گالدان قون
تاجینڭ ئوغوللریدن بیری والی بولدی.
بوقالماقلارنڭ اداره‌سی ئاستیدا بولوپ قالغان آلتی شهر
نڭ یورونقی ملەتیتی خاراب بولدی. قالماقلر خلققه کوپ ظلوم
قیلغدن قوزغولاڭ کوتورولوشکه باشلیدی. آپاق خواجه نەۋ

ئاولادى ئيككى پارچەغە بولونوب، برقسمى قالماقلارغە قارشى عصيان كوتوردى. يەنە برقسمى قالماقلار اطاعتيدە بولماقنى استەدى. ئۇ ئاتادا سوقوش چقدى. بو ايككى گروهنىڭ قالماقلارغا قارشى چقانى پامير تاغلريدىكى كەنجوتلاردن ياردەم ئالغانلريغا قارا تاغلىق ديگەن نام بيريلدى. قالماقلاردن ياردەم ئالغان گروهغا ئاق تاغلىق نامى بيريلدى. بسبو ايككى پارچاغا ئايريلغان قاراتاغلىق، ئاق تاغلقلار اوزون يللار ئوزئارا سوقوش قلدى. كوب قان توكولدى برقانچە قيتم اوزآرا قتل عام هم بولوندى.

1695 — يلى غا يەتكەندە قارا تاغلقلار غالب كيلب، تمام آلتى شهرنى اشغال قلدى. ئولەمەى قالغان ئاق تاغلقلار دانيال خواجە باشلق ايلى غا رابدان خاننىڭ قشيغا قاچيب باردى.

رابدان خان كوچ توپلاب دانيال خواجەنىڭ اوغلى بورهان خواجەنى كوب قالماق عسكرى بلەن آلتى شهرگە ماڭدوردى 1726 — يلى قارا تاغلقلار حكومتينى يقيتب، ئاق تاغلقلار حكومتينى قوردى. رابدان خان كوچاغا خوجەسى بگنى، ختەنگە بورهان خواجەنى، قەشقەرغە ئوزاينيسىنى والى قلدى.

## مانجورلار استيلاسى

ميلادى 1750 — يللريدان باشلاب بتون چين مانجورلارنىڭ ادارەسى ئاستيدا بولوب قالدى. شرقى توركستاننى قالماقلار ادارە قلغان زامانلاردا چينىدا مانجورلار كوچلونوشقا باشليغان ايدى. كينكى زامانلاردا مانجورلار بلەن قالماقلار ئوتاسيدا برقانچە قتم سوقوش هم بولدى.

قالماقلاردن بورهان خان آلتى شهرگە والى بولوب تورغان قالماقلار خلقنىڭ مال ملكينى بولاش، آدەم ئولتوروش، اشلرينى كوچايتدى. ظلوم حديدن آشدى. قوزغولاڭ كوتوردى. كوب آدام لار ئولدى. هيچ برعلاج بولمىدى. بورهان خواجەنىڭ ظلميدن قو تولماق ئوچون هربرشهردن بر؛ ايككى آدام قاچيب چقيب 14 گە قدر آدەم برليشب مانجور خانى جەنلوڭدن ياردەم سوراب بيجينگە باردى. چەنلوڭ بولارنى ياخشى كوتوب ئالدى.

1752 ـ يلى چەنلوڭ ئامور سنانى يوقاتماق ئوچون چاوخونى
بلى غا ماڭدورغاندا، مەلكور تورکستانلقلارنى قوشوب برگـە
مـە بـاشـلـەدوردى. بـو آدامـلار آلـدى بـلـەن تـور فـان،
آلتى شهرگە ئەخلى آدەم ماڭـدوروب، مانجولارنڭ ياخشىلىغى
وە ئولارغا ياردەم برش لازملىغى حقيدە تشويق يوركوزدى. چاو
خونى آمورسنا بلەن سوقوشوب تورغاندا، بو آدەملەرنڭ يوركوز
گەن تشويقى آرقاسىدا، تورفان، كوچا اهاليسى قالماق كاتـتا
لرىنى ئولتوروب، مانجولارغا ياردەم بەردى. چاوخونى ايلىنى
ايلب؛ قەشقەرغە كەلگەندە، آق تاغلقلار مغلـوب بولوب بورهان
خواجە بدخشانغا قاچدى. ياركند، خوتەنلەر ئوروشسيز مانجولار
نڭ قولىغا ئوتدى. آلتى شهردە قالماقلار تاءثيرى توگـوگەندن
سوڭ، چاوخونى ايليغا قايتب برب، ايلىنى پاى تخت قيـلدى.
چەنلوڭ شرقى توركستانغا عمومى والى ( جاڭجوڭ ) قيلب چاو
خونى بەلگولىدى. بو عمومى والى (جاڭجوڭ) بتون شرقى تور
كستاننى 36 ناحيەگە آيريب، هر بر ناحيەگە بردين آمبال(حاكم)
قويدى.

## برينڭ ظلميدين قوتولوب يانا برينڭ ظلومىغا ئوچراش

يوقورقى آدەملەر قالماقلارنڭ ظلميدان قوتولماق ئـوچون
مانجولارنى باشلاب چيقب، شرقى توركستاننى ئولارنڭ ظلومىغا
تغلاب بەردى. عمومى والى بولغان چاوخونى تاريخى بنالەرنى،
مزار، گومبەز، جامع مدرسەلارنى بوزوب، ئولارنڭ ئورنيغا باجخانە،
عبادتخانە، بوتخانە عسكرخانە سالدى. يورتدىكى باى آدەملەرنى تور
لى يوللار بلەن يوقوتوب ئولارنڭ مال ـ مولكنى تارتيب آلدى.
ديوان ـ سلق، كوپەيدى. ظلوم بارغانسيرى كوچايدى؛ آلتى شهر
دن كوب آدەملەر قاچيب غربى تورکستانغا كوچوب كەتدى.
چەنلوڭ شرقى توركستاننى قولىغا ايلب بولغاندىن سوڭ بو
يون ياردەم تيلەب آلدىغا كەلگەن وە مانجور عسكرلىرىگە ياردم
برگەن آدەملەرنى بى جنگە چاقرتدى. بولارنڭ يەتكوزگەن خز

ھەيگە قاراپ واڭ، چىڭ واڭ، گوڭ لوق خزمەت بريپ قايتورە
بو واڭلەر يورتقا قايتىب كيلىب، بى واسطەبى جين خانغا قارا
ئوز يورتىدىكى خلقغە حاكم بولوب آلدى. بو واڭلەر ھەر 2
يلدا بر قيتم بەى جين خان آلدىغا زيارەتكە باريدىغان بولد
بو واڭلىق منصبنى بالاسى ئىن-بالاسىغا قيلىب، بولارغا قاريغان خ
ئولارنىڭ قولى حاليغا كيلىب قالدى. مانجورلار شرقى توركستا
ئوز تاعثيرىنى كوچەيتماق ئوچون يوز مڭ ئويلوك مهاجر (چ
مانجورلار) كوچوروب، ايلى، يتى سو، بەش بالق رايونلرى
ئورونلاشتوردى. بونىڭ سرتىدا ايلىدا بولغان مانجور عسكرلري
باقماق ئولارنى تاعمين قلماق ئوچون آلتى شەھر، تورپاندىن يوز ئويلوك
قلب برنچە قيتم دهقانلرنى كوچەروب ايلىغا الب باردى بو
نى دهقانچىلق قلماققا سالدى. بوگونكى ايليدا بولغان تورپ
يوز، جليل يوز، عبدالرحمن يوز، كپەك يوز محلەلرى شوكوچو
باريلغان دهقانلردن قالغان ئسملەر. بولارنى كهنەتورك تاپ
چى دەپ آتاغان.
1794انچى يلى چيلى ئولكەسيدە تەيانلى فرقەسى انقلاب كو
روب، سەنلوڭ، خونەن، گەنسولارنى ئشغال قلدى. چەتلوڭ
انقلابنى باستوروشقا كريشكەندە، ئونىڭ شرقى توركستاندىكى
تاعثيرى عاجزلاشقا باشلىدى،

## مانجورلارغا قارشى برنچى قوزغولوش

ئورال تاغلريدن ينسى دەرياسغيچە، آرال بالقاش، تارباغاتاى
قەقلەر بولغان جايلردىكى قازاق دەولتىنى 1793يچى يليغاقە
ايلگر — آخربولوب روسلر باسب الب، ايلى رايونىغە قەريتە
كلىب قالدى.
مانجورلارنىڭ شرقى توركستان خلقينى چينلاشتورماق ئوچ
واڭگوڭلرغە مانجورچە كييم كيدەك، مانجورچە عادەت توتوش
بويروغانى اسلام، شرعى يوللاردن توساپ بودقا باش ئوروش-
مجبور قلغانلقى خلقدە زور نارازيلق توغولدى. شونىڭ ئوچو
1811انچى يليدن باشلاپ يورتنىڭ هەمەجايىدا مانجورلارغا قار

1752 — يلي چەنلوڭ ئاموز سناني يوقاتماق ئوچون چاوخوني بلي غا ماڭلورغاندا، مەنكور تور كستانلقلارني قوشوب برگە ماڭدورودي. بو آدامەلار آلدي بلەن تورفان، آلتي شەهرگە مەخني آدم ماڭدوروب، مانجولارنڭ ياخشيليغي وە ئولارغا ياردەم برش لازمليغي حقيدە تشويق يورگوزدي. چاوخوني آمورسنا بلەن سوقوشوب تورغاندا، بو آدەملەرنڭ يورگوزگەن تشويقي آرقاسيدا، تورفان، كوچا اهاليسي قالماق كاتتالريني ئولتوروب، مانجولارغا ياردەم بەردي. چاوخوني ايليني ايلب؛ قەشقەرغە كەلگەندە، آق تاغلقلەر مغلوب بولوب بورهان خواجە بدخشانغا قاچدي. ياركند، خوتەنلەر ئوروشسيز مانجولارنڭ قوليغا ئوتدي. آلتي شەهردە قالماقلار تائثيري توگوگەندن سوڭ، چاوخوني ايليغا قايتب بيرب، ايليني پاي تخت قيلدي. چەنلوڭ شرقي توركستانغا عمومي والي (جاڭجوڭ) قيلب چاوخوني بەلگوليدي. بو عمومي والي (جاڭجوڭ) بتون شرقي توركستانني 36 ناحيەگە آيريب، هر بر ناحيەگە بردين آمبال (حاكم) قويدي.

## برينڭ ظلميدين قوتولوب يانا برينڭ ظلوميغا اوچراش

يوقورقي آدەملەر قالماقلارنڭ ظلميدان قوتولماق ئوچون مانجولارني باشلاب چيقب، شرقي توركستانني ئولارنڭ ظلوميغا ئغلاب بەردي. عمومي والي بولغان چاوخوني تاريخي بنالەرني، مزار، گومبەز، جامع مدرسەلارني بوزوب، ئولارنڭ ئورنيغا باجخانە، قمارخانە، بوتخانە، عسكرخانە سالدي. يورتدكي باي آدەملرني تور مەلارغا سالب، ئولارنڭ مال ـ مولكني تارتيب آلدي. قولان ـ سلق، كوپەيدي. ظلوم بارغانسيري كوچايدي؛ آلتي شەهردن كوب آدەملەر قاچيب غربي توركستانغا كوچوب كەتدي.

چەنلوڭ شرقي توركستانني قولغا ايلب بولغاندن سوڭ بو يەرنڭ ياردەم قيلەب آلديغا كەلگەن وە مانجور عسكرلريگە ياردم قيلغان آدەملەرني بەي جنگە چاقرتدي. بولارنڭ يەتكوزگەن خز

ھەيگە قاراب واڭ، چىلڭ واڭ، گوڭ لوق خزمت بريپ قايتوردى
بو واڭلەر يورتقا قايتب كيلب، بى واسطەبىجين خانغا قاراب
ئوز يورتيدىكى خلقغە حاكم بولوب آلدى. بو واڭلەر هەر 2 سە
يلدا بر قيتم بەي جين خان آلديغا زيارەتكە باريدىغان بولدى
بو واڭلق منصبى بالاسيدين – بالاسيغا قيلب، بولارغا قاربغان خلق
ئولارنڭ قولى حالىغا كيلب قالدى. مانجورلار شرقى توركستاننى
ئوز تاءثيريغە كوچايتماق ئوچون يوز مڭئو يلوك مهاجر (چين
مانجورلار) كوچوروب، ايلى، يتى سو، بەش بالق رايونلرىغا
ئورونلاشتوردى. بونڭ سرتيدا ايلىدا بولغان مانجور عسكرلريغە
باقماق ئولارنى تاءمين قلماق ئوچون آلتى شهر، تورپاندين يوز ئويلوك كلب
قلب برنچە قيتم دهقانلرنى كوچوروب ايلىغا الب باردى بولار
نى دهقانچيلق قلماققا سالدى. بوگونكى ايليدا بولغان تورپان
يوز، جليل يوز، عبدالرحمن يوز، كپك يوز محلەلرى شو كوچوروب
باريلغان دهقانلردن قالغان ئسملەر. بولارنى كهنەتورك تاريخداران
چى دەب آتاغان.

1794 انچى يلى چيلى ئولكەسيدە تاناپلى فرقەسى انقلاب كوتو
روب، سەنلوڭ، خونەن، گەنسو لارنى ئشغال قلدى. چەتلوڭ بو
انقلابنى باستوروشقا كريشكەندە، ئونڭ شرقى توركستاندىكى
تاءثيرى عاجزلاشقا باشليدى،

## مانجورلارغا قارشى برنچى قوزغولوش

ئورال تاغلريدن ينسى دەرياسغيچە، آرال بالقاش، تارباغاتاي
قەقلەر بولغان جايلردىكى قازاق دەولتينى 1793 يچى يلىغاقدم
ايلگر — آخر بولوب روسلر باسب الب، ايلى رايونيغە قەريتب
كلب قالدى.

مانجورلارنڭ شرقى توركستان خلقينى چينلاشتورماق ئوچون
واڭ گوڭلرغە مانجورچە كييم كيدەلك، مانجورچە عادەت توتوشنى
بويروغانى اسلام، شرعى يوللاردن توساب بودقا باش ئوروشقا
مجبور قلغانلقى خلقدە زور ناراضلق توغولدى. شونڭ ئوچون
1811 انچى يليدن باشلاب يورتنڭ همە جايدا مانجورلارغا قارشى

قوزغولاڭ كوتورولدى. مانجورلارنى وه چندن كلگەن محاجرلرنى
يوقوتوب هربر شهر آيريم — آيريم مستقل بولوب آلدى. بو
قوزغولانچيلر برلشالماى تورغانىدا، فرغانه خانى عمرخان فرغا
نەدە ياشاواتقان جهانگر خواجه (آباق خواجه اولادى) نى كوب عس
كر بلەن قەشقەرغه ماڭدوردى. جهانگر خواجه قەشقەرغه كلب
انقلابچيلر بلەن برليشب اطاعت قلميغانلرنى يوقوتوب ئوزينى پاد
شاه اعلان قلدى. بو واقتدا، قاراشهر قالماقلرنىڭ قوليدا، ايلى،
بەش بالق، تورپان مانجورلارنىڭ قوليدا قالدى. 1814 نچى يلى مانجور
خانى تاو كوكڭ شرقى توركستانغا كوب عسكر ماڭدوردى. بو عس
كرلر كوچارغه قدەر اشغال قيلب جهانگر خواجه بلەن نهايتى قاتـ
ـتق سوقوشدى. 1820 نچى يلى جهانگر خواجه مغلوب بولوب مانجور
لارغا ئەسر توشدى. جهانگر خواجەنى بەيجن گە الب باريب ئولتوردى.

1836 نچى يلى انگليز چين ئورتاسيدا ئەفيون سوقوشى چقدى
مانجورلارنىڭ قووەتى كوچاردن ئوتالمىدى. قەشقەر، ياركند، آقسو
لار جهانگر خواجەنىڭ ئوغلى قوليدا قالدى.

خوتەن عبدالرحمان آتلق بر آدەم قوليدا قالدى. افيون سوقوشى توگوم
گەندن صوڭ 1845 ـ يلى مانجورلار يانا چيقب تورپان، قاراشهر، ا
لى نى ايلب، قالماقلەردن كوب عسكر ايلب آلتى شهرگە هجوم
قلدى. قەشقەرديكى حاكم خواجەلار فرغانه، هندستانغا قاچدى
بتون آلتى شهر مانجورلارنىڭ قوليغا توشدى. بو قتم مانجورلار بو
يورتنىڭ دينى اشلريغا توسقونلوق قلمىدى، آلوان ـ ياساقنى آز
چە ئارتدورميدى.

## 2نچى قوزغواوش

1851 ــ يلى همه جايدا مانجورلارغا قارشى قوزغولاڭ كوتور
وب، خوتەندن تورپانغا قدەر جاى مانجورلاردن تازيلاندى. اما
بو انقلابچىلەر بر ـ برى بلەن برليشالماى تورغاندا، فرغانه خا
نى شيرعلى خان جهانگر خواجه اولادى ولى خان تورەنى قەشـ
ـقەرغا كرگوزدى. ولى خان توره آلتى شهرنى قولغا ايلب، تمام
مانجورلارنى يوق قلدى.

اما ١٨٥٦ يلى مانجورلار 3نچى قيتم شرقى تورکستانغا هجوم قيلب، وەلى‌خان تورە بلەن سوقوش قلدى. وەلى خان تورە فرغانەغە قاچدى، مانجورلار قەشقەر خلقنى قتل عام قلدى. بو قيتم مانجورلار قەشقەر آهاليسيدين برنچەمڭ اويلوك ئادەمنى اسير قيلب، بەيجن طرەفكە ايلب كەتدى.

1838-يلى چين—انگيلز، فرانسوز اورتاسيدا 2نچى افيون سوقوشى چقدى. بونڭ سرتيدا اچكى طرەفدين تەيپين انقلابى قوزغالدى. يوننەن اولكەسيدە دوون‌سو (سلمان) آتلق بر تونگان انقلاب کوتوردى. بونڭ آرقاسيدا، مانچورلارنڭ شرقى‌تورکستانديکى قووەتى عاجزلاب قالدى.

## 3نچى قوزغولوش

چين‌دا بولغان اچکى قوزغولوشلاردين فايدەلنب 1839-يلى ايلى، يتى‌سودا ترانچى، تونگانلار برليشب، ايليديکى جاڭ چوڭ باشلق مانجور مەمورلرينى يوقوتوب استقلال اعلان قلدى. کوچادا تورك تونگانلار برليشب راشدالدين‌خاننڭ رەهبرلكى آستيدا انقلاب کوتوروب، کوچا، آقسو، کورلا، قاراشهر، تورپان، قمول، بارکول، اوروم‌چيلەرنى مانجورلاردين تازلادى.

حوتەن خلقى، حبيب‌الله حاجم اوغلى عبدالرحمان، ابراهيملارنڭ رەهبرلکيدە انقلاب کوتوردى. گوما، چرچن، کريەلرنى مانجورلاردين تازيلدى.

قەشقەر خلقى صدّيق بەگنڭ رەهبرلكيدە انقلاب قلب، يڭى حصار، فيض آبادنى اشغال قلدى.

يارکند خلقى، تونگانلار بلەن برليشب انقلاب قلدى. بو شرقى تورکستانديکى انقلابقا ياردەم بەرگەن تونگانلار بولسا، اچکى چيندە انقلاب کوتورگەن تونگانلاردن برقسمى‌نڭ بوياقتاسورگون قلنغانلاريدور.

# يعقوب بك دوري

يوقوردا ئەيتلغان بويىچە قەشقەر انقلابچيلري صدىق بەگــا
قەشقەرنى اشغال قيلب تورغاندا، كوچار انقلابچيلرىنڭ باشلي
غى راشدالدين بك عسكر تارتيب قەشقەرغە باسب كردى. بونڭ
غا ناراضى بولغان صدىق بك فرغانە خانى خدايارخاندين ياردەم
سوردى. قەشقەرنى قولغا توشورەك مقصدى بولغان خدايارخان
جهانگيرخواجەنڭ اوغوللريدىن بولغان بزرك خان تورەنى عسكر
بلەن قەشقەرغە ماڭدوردى. خدايارخان قاماپ قويغان يعقوب بك
ناملق برئادەم بزرك خان تورەنڭ دوستى بولغانلقدين، بوكشيـ
ـنى اوزى بلەن قەشقەرغە ايلب بارماقنى سوردى. بزرك خان تو
رە، يعقوب بكلەر عسكر باشلاپ قەشقەرغە يقىنلاشقاندا، راشدالـ
ـدين بك قەشقەرنى بوشوتوب، چيقب كەتدى. صدىق بك قەشقەر
غە كيلب ئالدى. بزرك خانلەر قەشقەرغە كيلىبلا صدىق بككە سوئـ
قصد قلماقچى بولغانلقى كريشب، اونى مخفى اولتوردى. قەشقەرغە بزرك
تورە باشلق بولدى.

بزرك خان تورە، قودالدان يعقوب بك ياركندگە يــوردى.
عبدالرحمان پادشا كوب قارشلق كورسەتكەن بولسىمو، يعقوب
بك تورلى هيلە-مكر اونى اشليتب اولتوروب ياركند، خوتەنلرنى اش
غال قلدى. يعقوب بك سوقوشدان قايتب بيرب، بزرك خانغا ئاز
نولا ئالتون، كموش بەرب، هيلە بلەن قەشقەردين هندستانغا هاي
داب چقرب اوزى پادشا بولوب ئالدى.

املنى كوچانى قولغا آلماق اوچون يعقوب بك «مينڭ كو
چاردا كوزوم يوق، قمولغا مانجورلار كيلب قالبدور، مەن شو
لار بلەن سوقوشومەن، سيلەر ماڭا ياردەم برسەڭلار» ديگەن هيـ
ـلە بلەن كوچارغا باسيب كردى.

# يعقوب بك بلەن تونگانلار سوقوشى

يعقوب بكنڭ كوچى كورلاغا يىتب بارغاندا، اوروەچيدىكى
تونگانلار دەرهال تورپاننى اشغال قيلب، اوندان عسكر ايلب قار

شهرگه كيلب قارشلق ئالمي. يعقوب بك تونگانلارنڭ قوويتي اوزينيكيدين ئارتوقلقيني بيلب، قەشقەرغە قايتب كەتدي.

بو واقتدا چيرنيفنڭ قوماندانلقي ئاستيدا روسلەر غربي توركستانغا باسب كرب، فرغانه، سمرقند، بوخارالارني اشغال قيلب خدايارخانني يوقاتدي. غربي توركستاندين كوب ئادەملر روسلەرنڭ باسماچلقيدين قاچب قەشقەرغە كوچوب كەلدي.

يعقوب بك، غربي توركستاندين قاچب كەلگەن مەئمورلارني هربر شهرگه باشلق قيلب بەلگوليدي. يعقوب بك اوروەمچي، تورپان، ايليني ئالماق اوچون كوب كوچ توپلاب تورغاندا، تورپانديكي تونگانلار كوچاغا قدەر باسب كيلب قالدي. 1865—يلي يعقوب بك عسكرلري تونگان عسكرلريني يڭب، قاراشهر، تورپانني اشغال قلدي. اوروەمچيگە قاچب بارغان تونگانلار بوندان هەم قاچب ماناسني مركز قيلب ئالدي. ئاخري يعقوب بك ماناس، شيخو، ايلي، يتي سوغا قدەر جايلارني اشغال قلدي. بو اوتتوراديكي تونگانلار، دوڭخوالڭ، ئەنشي، باركول، قمول طرەفكە سورلوب كەتدي.

شوندان قلب غربي پامير، ئالاي يايلاغي، ايسغ كول، ئالما-ئاتا، شمالي بالقاش كولي، ئالتاي، تارباغاتاينڭ جنوبي يايلاقلري، شرقي باركول تاغي، اوروەمچي قمول ئاراسيديكي شامو چولي، جنوبي كينلون تاغيغا قدەر جاي يعقوب بككە اطاعت قلدي. ئالتاي، چوچەك ولايتي ماڭغولوستان توپراغيغا قوشولوق ايدي. قمول، باركول، مانجورلار قوليدا قالدي.

## يعقوب بكنڭ استقلال اعلان قلغاني

يعقوب بك بورون خوقند خانينڭ امريدە بولغان بولسيمو، روسلەر خوقندني اشغال قلغاندين سوڭ، اوزي مستقل هالدا بولوب قالدي. شونوڭ ئوچون يعقوب بك ئوزي مستقل دەولت ئيكەنيني اعلان قلدي. وە ئوزيگە بەدەولت ديگەن نامني بەردي. آقسوني پاي تخت قيلب، كوچ قووەت توپلاماق اوچون 8000 رەسمي حربي قوشون توزدي. قورال ياسايدىغان اشخا

نەلەر قوردى. توپ، ملتق، دارو اشلەپ چقاردى. هندستانلدين
كوپ قورال ساتوپ آلدى. خلقدان نهايتى كوپ آلوان - ياساق
يغلدى.

1868-يلى يعقوب بك توركيەگە سلطان عبد العزيز حضوريغا
بر هيئت ايبەريپ، شرقى توركستان حكومەتينى بر مستقل اسلام
دەولەتى دەپ تونوماقينى ۋە يار - يولەك بولماقينى سوردى. تور
كيە ئونك بوتەلەبينى قبول قيلب، يعقوب بككە اميرالمسلمين
عنوانى بەردى. موندان كيين هندستان، روسيەغە الچيلر ايبەر
دى. انگيلز، روس دەولتلرى شرقى توركستانني مستقل دەپ تو
نودى. روسيە، هندستاندين رەسمى الچيلەر كەلدى.

## 2نچى قيتم تونگانلار توزغولاكى

بورون مغلوب بولوب اورومچى نك شرق طرەفيگە وە دولك
خوالغا كەتكەن تونگانلار برليشب 1869-يلى او رومچيني هجوم
قيلب باسيب آلدى. غولجاديكى تونگانلار اوروم چيديكى تونگان
لەر بلەن برليشب ايلى يتى سوني اشغال قيلدى. يعقوب بەك
چوك ئوغلى بگ قولينى عسكر بلەن ئورومچيگە ماگدوردى. تون
گانلر تورپانغا كيلب سلاح تيلەدى، وە يعقوب بككە اطاعت قيلدى.
تورپانغا حكم بك توردنى والى قيلب بەلگولەپ، بك قوليغى كوب
عسكر بلەن موندا تورغوزدى.

## زو زونك تانك نك هجومى

چين حكومتلرى مانجورلار يوننەن انقلابينى باستوروب ئو
ننك باشليغى تونگان تاون سو (سلطان سليمان) نى شهيد قيلدى.
انقلابچيلار نك قوماندانى داخو تورت بەش مك تونگان عسكرى
بلەن ايلب گەنسودا هم تورالماي شرقى توركستانغا سوروپ چق
تى. مانجور عسكرى قوغلاپ قمولغا چققاندا، يعقوب بك بارلق
قوتينى كورليغا يوتكيدى. داخو ئورومچيگە چيقب يعقوب
بلەن قنا تيلەدى. داخو 6-يوز عسكرى بلەن كورليغا كيلب
يعقوب بكنى زيارەت قيلدى. يعقوب بك بونى آقسودا تورماقغا

امر قیلدی. ئوروەچیدیکی تونگانلردا خونی قوغلاپ چقان زوزولۈك تاشغا اطاعت قیلیدیغانلقینی بیلدوردی. زوزولۈك تاك ئورومچیگە چقیب یعقوب بکدن داخونی طلب قیلدی. قبول قیلمیدی. آخری زوزولۈك تاك بلەن یعقوب بك داوانچدا سوقوش باشلیدی. یعقوب بکنك ئوروشماقلر دیگەن امری بلەن بك قولی تورپاننی بوشوتوب بیریب کورلیغا قایتیب کەلدی. ایککی ئورتادا برنچچە قیتم الچیلار بیریب-کیلیب تورغان بولسیمو، سلح بولالمیدی.

## نیاز بك، عشوربك لرنك یعقوب بگگە خیانتی

خوتەن والیسی نیاز بك، خزانەچی عشوربگلر زوزولۈك تاشغا خفی آدەم ایبەریب، ئوز لرینك زوزولۈك تاشغا اطاعت قیلیدیغانلقینی وەھر قانداق خزمتیگە حاضر ایکەنینی بیان قیلدی. بوخاینلر یعقوب بك نك باورچیسیغا کوب آلتون بیریب یعقوب بگگە زەھر ایچیریب ئولتوردی. یعقوب بك نك ئولومی بلەن اچکی طرەفدن قاریمو قارشیلق توغولوب، کوچی عاجزلیدی. یاقوب بك نك ئوغوللری بك قولی بلەن حق قولی ئورتاسیدا تخت تالاشیب جدەل چقدی. عشور بك کوب آلتون کموشنی ایلیب زوزولۈك تاك قاشغا قاچدی. نیاز بك خوتەنگە قیچیب باریب استقلال اعلان قیلدی. بو زیداق بر وەضعیت اچیدە زوزولۈك تاك قاراشەر، کورلی، کوچارلارنی باسیب آلدی. بك قولی خوتەنگە یوروش قیلغاندا، نیاز بك کوب آلتون کموشنی ایلیب، کریا، چرچن دن ئوتوب کورلا زوزولۈك تاك باشیغا کەلدی. کیین خوتەننك احمد بك، قەشقەرنك محمود بك لەر بك قولیغا قارشی حرکت قیلدی. نتیجەدە هجره 1293 انچی یلی بتون شرقی تورکستاننی زوزولۈك تاك اشغال قیلیب بولغان بولدی. بو قیتمقی اشلار تمام بولغاندن صولك چین مانجور حکومتی شرقی تورکستان دیگەن نامنی یوقوتوب شنجاك دیگەن نامنی قویوب، چین نك بر ئولکوسی قیلیب ئوزگەرتدی. هر بر ناحیەگە بردن چینلقنی حاکم قیلیب قویدی. ایلی، یتی سو نی تارانچی وەتونگانلردن آلالمای ئوروەچینی پای تختی قلدی.

# ايلى، يتى سونى روسلار اشغال قلغانى

1878ـــ يلى انگليز حكومتى چين مانجور حكومتيدن سـى چوەن، گەنسو، ئولكوسيدن تيبتگە عسكر ئوتكوزوشكە روخست آلغاندن صوڭ روسلار تارانچيلرنڭ قارشيلقيغا قاريماى ايلى، يتى سونى اشغال قيلب آلدى. روسلار چيننڭ پيتر بوروغديكى سفريني بر توختامغا امظا قلدوروب آلدى. بو توختامبويچە روسلار ايلي يتىسو روس توپراقيغا قوشولدى دەب اعلان قلدى. اماچين مانجور حكومتينڭ ناراضيلقى آرقاسيدا 1300ـــيلى باش ايلى اشغال قلنغان توپراقنڭ 4دن برينى يعنى بوگونكى ايلى ولايتينى قايتوروب بيريب، قالغان ايلى، يتى سونى سيمىچينسكى ديگەن نام آستيدا روسلار ئوز توپراقيغا قوشوب آلدى.

# چينلاشتورماق پلانى

چين مانجور حكومتى شرقى توركستاننى تمام ئوز ادارەسيگە آلغاندن صوڭ اچكى چيندن كوبلەب دحاجر الب چيقب بو ياقۋا يرلشتورەك وە بو ياقنڭ آدەملرينى اچكى چينغا يوتكەب چينلاشتورماق اشلريتى باشليدى. تمام اشلردە چينچە يازو، تيل اشليتب تورك تيلينى اعتبادن توشوردى. ملى مكتب، مدرسەلرنى وقوتوب، تورك بالالرينى زورلاب چينچە ئوقوتدى. شرقى توركستندا موندااق بر ناچار سياست يورگوزولگەن تورغان زاماندا ياوروپا دەولتلرينڭ چيندىكى تائسرى بارغانسيرى كوچلونوب طرافديكى بقندى توپراقلرينى تارتب الب چين مانجور دەولتى عاجزليتب قويدى. بونڭ سيرتيدا مانجورلار حاكميتىگە قارشى اچكى طرەفدن آرقيمو ــ آرقا قوزغولاڭ كوتورولدى. بو سببلر آرقاسيدا مانجورلارنڭ شرقى توركستانغا يورگوزگەن سياستى ئوزگەرگە آشمەدى.

## سونیاتسین انقلابی وه شرقی تورکستان

چین مانجور حاکیمتی بارغانسیری عاجزلاپ چیریکلەشکەندە،
یاوروپا دەولەتلەری بوزەك ایتەب هەر بەر طەرەفدەن
بوغوب، بتون چیننی یریم مستملیکە هالیغا کلتوروب قویدی.
چین ملی انقلاب رەهبری سونیاتسین افندی مانجور استبداد حا
کیمیەتیگە قارشی انقلاب کوتوروب 200 یلدن آرتوق حکوم سور
گەن مانجور حاکیمیەتینی ییقتدی. وه سەن مین جوی مسلیکینی
اوتاغا آتب، جمهوریت اعلان قلب، یکی دەور باشلادی. گرچە
جمهوریت قورولغان بولسەمو، اچکی اختلاتلەر آرقیمو آرقا
چیقب تورغانلقدین بو جمهوریتنیڭ تاثیری شرقی تورکستانغا
چقالمیدی. جمهوریتدن کیین شرقی تورکستانغا جاڭجوڭ بول
قانلر هم بورونقی مانجورلارنیڭ استبدادلق قاراڭغو ایزیش یول
لرینی قوللاندی. بو واقتلاردا شرقی تورکستاندا روس، انگلیز
تاثیری کوچەیوب بو ایککی دەولت حقوقی جاڭجوڭلرنیڭ حقو
قیدین آرتب توشدی. یورتیمزنیڭ اقتصادی بایلیقیدین 3 طرەفغا یلدا
لانب، خلقیمزنیڭ اقتصادی تورموشینی بك اغیر حالدا قویدی.

## یاڭ داخو، یاڭ تو ڭ نوڭ دەوری

جینده جمهوریت قورولغاندین صوڭ یاڭ توڭ نوڭ دیگەن آدەم قو
ماندان بولوب کیلب ایلی دا حربی اشلرنی یولغا سالدی. بونیڭ
آرقاسیدین یوەن داخوا آتلق بر آدەم کیلب عمومی والی (جاڭجوڭ
لوق) لق خزمتدە اولتوردی. بو آدەملر کوهنە فکرلك آدەملر بول
غانلقدین شرقی تورکستاننی مستقل ادارە قیلش خیالی غا توشوب،
قوماندان یاڭ توڭ نوڭ جاڭجوڭ بولماق نیتی بلەن یوەن داخوانیڭ
اوردا سیغا توییوقسزدن هجوم قلیدو. آخری یوەن داخوا مغلوب بو
لوب اچکی چینغا قاچب کیتیدو. یاڭ توڭ اوزینی جاڭجوڭ اعلان
قلیدو. بونیڭغا اوروم چیدیکی قوماندان فوتەی قارشی چقب آل
تی آی سوقوش قلیدو. یاڭ توڭ نوی ایلیدن قەشقەرغە قاچب با
ریب «گالاوخوی» جمعیتی تشکیل قیلب، کوچ توپلاشقا کیرشدی.
اوروم چیدین کالگەن عسکرلر قەشقەرغە باسب کیلب گالاوخویچیلر
نی اولتوردی. یاڭ توڭ نوڭ فرغانەغە قاچب کتدی.

شوندىن كېيىن ئورومچى حاكىملارى يەرلىك خلقنىڭ ئويغانىپ كې
تىشىدىن قورقوپ، گالاوخويچىلار دېگەن نام بىلەن يېڭىلىق طرەفدار
بولغان آدەملەرنى وەتۆركىيە، چەتتىن كەلگەن معلملەرنى ئولتوردى،
هايداپ چىقاردى، يېڭى مكتبلەرنى قاپاتتى.

## ياڭ زېن شىن

گالاوخويچىلار تۈگۈتلگەندىن سوڭ ئورومچى، ايلىدا جاڭجوڭلوق تالاشىپ كۆپ جېدەللەر تۇغۇلدى. بولارنىڭ آراسىدا كۆپرەك طرەفدار تاپلوغان ياڭزېن شىن دېگەن آدەم هەممەنى باسوروپ ئورومچىنى پايتخت قىلىپ ئوزىنى جاڭجوڭ اعلان قىلدى. ياڭزېن شىن مستقل حالدا بۇيۇرتنى ادارە قىلىپ يەرلىك تورك خلقىنىڭ ئويغونوپ كېتىشىدىن قورقوپ اولەرنىڭ چەتتىكى تۈركلەر وە مسلمانلار بىلەن قورۇلىدىن بولوپ تۇرغان علاقەسىنى ئۈزدى. معارف اشلىرىنى خاراپ قىلدى. تۆركبالالىرىغە چىنچە ئوقۇتتى. پاراخور عمللارلارنى هربر جايغا حاكم قىلىپ خلقنىڭ ئالتون كۆموشىنى ئوز ياڭچوقىغا ايغدى. ياڭزېن شىن ئوز عمرىنى شرقى تۈركستاننىڭ اقتصادى، ملىيەنى، معارفىغا خيانت قىلماق بىلەن ئوتكوزدى.

1929نچى يىلى ياڭزېن شىننىڭ خارجى اشلار وەزىرى پەن يولەن برقانچە آدەم بىلەن برمخفى تشكيلات توزوپ خارجى اشلار اشخانەسىدە ضيافت ئوتكوزوپ، ضيافت ئوستىدە ياڭزېن شىننى اېتىپ ئولتوردى. اماپەن يولەننىڭ پلانى عملگە آشماي ئوزى هم جزاغا تارتىلىپ ئولدى. جاڭجوڭلوق ئورونغا جىن شورېن ئولتوردى. بو آدەمنىڭ يورتقا قىلغان ظلمى ياڭزېننى اشىپ توشتى. آخرى قمول انقلابى كوتورولوش بىلەن جىن شورېن حكومتى يىقىلدى.

(برنچى قسم توگدى بونىڭ آخرى 2نچى قسمدا يازىلدى).

يازغوچى: پولات قادىرى.



2 نچى قسم

ناشىرى: آلتاي نشرييات ادارەسىنىڭ بلم توركومى.

يازغوچى: پولات قادىرى.



2 نچى قسم

ناشىرى: آلتاى نشرييات ادارەسىنىڭ بلم توركومى.

# 1 — باب قومول ئنقلابى دەورى

## قومول وە قومول واڭى

قومول، يورتيمزنڭ شرق طرەفيدىكى بر ولايت بولوب، مانچور دەوريدىن باشلاب جڭ شوزين زامانيغە قدەر واڭلەرنڭ ادارەسيدە بولوب كەلگەن. قومول اصلى خاتون تام، تاش بالق، آرا تورك، توركول، نيرين كير، قوراى، تاراتو... آتلق 12 تاغدىن عبارەت بولوب، بو تاغلەر دورغالار آرقالى واڭ طرەفيدىن ادارە قيلينور ايدى. ياڭ زين شين دەوريدە، يورتيمزنڭ مشهور واڭى بولغان بو قومول واڭى هم باشقا واڭلەرغا اوخشاش سياسى حقوقدىن آيريلب، حكومت آلدىدا هيچ براعتبارى قالميدى.

قومولنڭ بتون يەر زيمينى، چاروا مالى واڭنڭ خصوصى ملكى حاليغا كيلب قالغاندىن تاشقارى، بو واڭ خلق اوستيگە عادەتدىن سرت آلوان - ياساق سالب اوزى بيلگەنچە خلقغە قوپال موعاميلە قيلب دەور سوروشكە باشليغاندا، 1911 — يلى قوراى تاغيدا تمور خلفت، خواجە نياز حاجم لەر طرەفيدىن واڭ شاە مقصودقا قارشى عصيان كوتورولدى. شاە مقصود بو عصياننى باستورماق اوچون مراجعت ايلە ياڭ زين شيڭ دن عسكر ياردم كەلتوردى. كوب سوقوشدا شاە مقصود يينگيلب، عصيانچيلەر 8000 گە يەتكەندە، ياڭ زين شين تمور خلفتنى سلح گە چاقردى. او روەچيدىن وەكيل بولوب كەلگەن لى ناملق آدەمنڭ «ياڭ زين شين نڭ سزگە يمان قصدى يوق» دەب قرآن توتوب بەرگەن قەسەميگە ايشەنيب، تمور خلفت اوروەچيگە چقدى. آز كون اوتمەى تمور خلفت وە تورپانلق محى الدين ايشان، ياڭ طرەفدىن اولتورولدى.

## جلڭ شورين وه قمول

ياڭ زين شين، فەن ناملق كشی طرەفيدن اولتورولوپ، جلڭ شورين حكومت باشيغا چقتى. 1928 — يلى واڭ شاه مقصود اولوپ، واڭلق اونڭ اوغلى نظرگه قالدى. جلڭ شورين بو نظر واڭنى اورومچيگه چاقرتب ايلب چقب، قمولنى 3 ناحيه گه بولوب، مەئمورى حقوقى واڭدن تارتب ايلب، ئەركين ياشاپ كەلگەن قمول خلقينى بى واسطه اوز اداره‌سى آستيغا آلدى وەقمول ناحيەلريگه حكومتدن حاكم ايبەردى.

اوز — اوزينى اداره قيلب كەلگەن قمول خلقيغه جلڭ شورين نڭ بو حركتى بەك ايغر توىولدى. بويەكى كەلگەن حاكملەر، بويەكى تشكيل بولغان قمول ناحيەلريدن غلە آشليغينى 1929 — يلىدن باشلاپ ايلشقا تيگشلك بولغان بولسەمو، اما 1928 — يليدن باشلاپ آلماقا خلقنى مجبور قلدى. بونڭ اوستيگه قمولغا كيلب هر بر تشا چيقب تورغان جلڭ شورين عسكرلرى اوزگرى بيلگننچه خلقدن آلوان - ياساق ايلشقا باشليدى. اولمەك اوستگه تەپمەك قيلب، جلڭ شورين اوزينڭ گانسوديكى يورتداشـ لريدن 80 اويلوك محاجر كوچوروب ايلب چيقب، قمول خلقينڭ تار تيريلغو يەرلرينى تارتيب ايلب اولارغا بولوپ بەردى. بوحقده نارازيلق بيا ر يتب قمول خلقى طرەفيدن يازيلغان عرضلەر اعتيبارغا آلنميدى.

## قمول انقلابينڭ كوتيرليشيگه بولغان سبب

جلڭ شورين نڭ يوقورى قيلەك انسانيتسز حركتلرى قمول خلقينى بر عصيان كوتورمەككه مجبور ئەتدى. بر كونى قمولدا تورغان جلڭ شورين عسكريدن 4 - آلاى (باتاليون)دن 6 نفر عسكر ميوه آلماق اوچون گەپ - سوزسز طاهر مرابنڭ باغيغا كيرگەن. طاهر مراب عسكرلرنڭ موندا‌ق زورلوق قيلغانيغا چيديماى بوعسكرلرنى توتوب، باشلقلريغا تاپشوروب جازا بەردورمەك بولغاندا؛ بوعسكرلر طاهر مرابنى اوروب اولتورگەن. بوواقعەتوغ

چوۋلوق بيريلگەن عرض گە، جلك شورىنەاو قانداغ ميوه، بهاسى
قانچە ايكەن؟» ديگەن سوآلنى سوراشنن باشقا هيچ قانداق چاره
كورميدى وەعسكرلرنى جارالىەيدى، بوبر .

2 - نچى، قمول
خلقى هلريلى ...
قوبت اون تارتب آ
لودو. تاراتى تاغ
...لك دورغاسى سا
...لح نلك اون تارتبە
كىلبوا تقان آدد
...لرى بولدا لوى
سى جالك عسكر
گە اوچرايدو
عسكرلر، «سيلە
بو اونلارنى تاك
تى ماشغولىه گ
اليپ بارور ادك
سيلر» ديگەن
بهانه بلەن سالح
دورغانى حربى
محكيمەگە تاپشو
رودو. سالح دور
غانلك 30 تيوەسى
كوەتيوه گە آرتيلغ
ان ! ون مصاديره
...لنغاندن تاشقرى
300، سرپول، 20
...ب اون، 40,000
...داق سەلان، او
...ون اشتراف قو
ولدى. بو اش
رافنى بريوللا
...بريشكە كوچى
...ەتمىگەن سالح
ورغانى قماي
ويودو. خواجه
...ياز حاجم، يول
...ارس بگلەرنلك
كفالتى ايلەسالح
دورغا سولاقلن
چقـقان همان:
«اگر مەن ظالملارغا قارشى عصيان چيقارميسام، حاكم ايله عسكر
باشليغينلك قانىنى اچميسەم، مينلك اسميم سالح بولماى كەتسون»
ددي قەصەم قيليدو .



قمول انقلابينلك يتەكچيسى مرحوم
خواجه نياز حاجم

3 — والك قاشيدا تورغان رەحيم اسملك بر بهادر آدامنى شبهه
ايله اولتورمەك اوچون جلك شورىندن امر كيليدو. بو اشقا قمول خلقى
نهايتى قاتتق خاپا بولوب زورغولغولا كوتورودو. بونكدن چوچوگەن
عسـكر بـاشـليغى رەحمنـى علاجسز اتـوكـچونـگەسور
گون قيليدو .

4 — نازین كرلك قورامالی 40 قوی ایلیب بار. كولگەسا تماق اوچون
بارغاندا، دخی ساتیلمیغان قوی غا سەن باج تولومەیسەن دەب 500
سر اشتراف قویودو.
5 نچی قمول خلقی غضبكە كیلب، عصیان كوتور مەككە
یول باشچی كوتوب توْرغاندا، عسكر باشلیغی جاڭ كاجاڭ آط تورك
دورغاسی عبدنیاز مراب نڭ گلخان اسملك برْ قزینی آلماققاحیر
كت قیلیدو. امدی مسئلە توركلكنڭ ناموسیغا تیگیدیغان، وەاس
لام دینیمز توسوغان — یات ملتنڭ توركدن خاتون — قزالش
مسئلەسیگە باریب تاقالغاندا، خلق تاقت قیلب تورالمیدی.
جاڭ كاجاڭدن وەكیل بولوب قز سوراب كلگەن بر كشیگە
عبد نیاز مراب، «سەن قایسی وجدانڭ ایلە بر تورك - مسلمان
قزینی، بریات ملتكە بەرمەككە تكلف قیلب كەلدیڭ» دەب قاتتق
سوز قیلیدو. عبد نیاز میراب، سالح دورغا، خواجە نیاز حاجم باش
لق یورت كاتتالری عصیاننی تیزی كونی باشلیماققا قرار قیلیشب
یالغاندن جاڭ كاجاڭ غا قزنی بەرمەك بولودو. جاڭ كاجاڭ خوش
یشیلدن هیچ بر شەكلەنمەسدن توی غا 32 عسكری ایلە كیلیدو.
توی آخشامی جاڭ كاجاڭ قز غوجراسیغا كیرگەندە، قزچە یاساند
دوروب قویغان ایمن نامك بر بهادر ییگت جاڭ كاجاڭنی دەر
حال قوچاغلاب الب اولتورودو. آكینچە بورون حاضرلینب قویول
غان 11 نفر یاش ییگتلر جاڭنڭ 32 نفر عسكرینی باغلاب اولتو
روب قورالینی تارتیب آلودو. شوندا ق قیلب سالح دورغا، عبدنیاز
مراب، باقی نیاز دورغا، خواجە نیاز حاجم، قاسم پالوان، یحیـــی
ایمام، ابراهیم قرمال لەرنڭ یتەكچیلیكیدە عصیان كوتورولدی.
بو اورتەدە سالح دورغا اشتراف آلماق اوچون كلگەن 3 نفر
عسكردن 2 سینی اولتوروب، برینی قویوب بیریدو. چگارادیكی
ساقچی عسكرلرنڭ باشلیغی عبدالله اوز قول آستیدا بولغان 77
دانە ملتقنی عصیانچیلەرگە تاپشوردی. عبد نیاز مراب تیرەك
چگاراسیدا تورغان 30 نفر قالماق عسكرینی قورالسزلا ندوروب،
نومنی اشغال قیلدی. اوزون اوتمەی قمولنڭ هر بر تاغیدیكی خلق-
لر آرقیمو — آرقا بو عصیانچیلارغا قوشولدی. بو عصیاننی باسور
ماق اوچون چققان جلڭشورین عسكرلری آرقیمو — آرقا تار —

مار بولوب، عصیانچیلارنڭ قوەتی بارغانسیری زور ایلیدی. بارکوا
لدیکی قـازاق قرداشلر هم قمول عصیانچیلریـگه قوشـولوب
کتدی.

قورال کوچ اشلیتب هیچ نرسه قیلالمیغان جڭ شورین هیله
گرلك سیاست اشلیتب، «اگر عصیانچیلەر قورالارینی تاپشوروب
بەرسه، اولارنڭ اوتکەن اشلرینی سوروشتورمەیمز» دەب قمـول
تاغیغا وەکیل چیقاردی. بونڭغا جوابەن خواجه نیاز حاجم باشلق
انقلابچیلەر: 1 — قمول تابیعەسیگه حاکم بولوب کەلگەنلەر قایتب
کەتسون، واڭلق توزوەیمز قایتادن تکلەنسون، 2نچی قمولدا تورغان
حکومت عسکرلری قایتب کەتسون، آندن قورال تاپشورومز دیـ
گەن شرطنی قویدی. صحبتلەن نەتیجه چقمای یانا سو قو ش
باشلاندی.

جڭ شورین آقسو والیسی جونی قوماندان قیلب کوب عسکر
ایله قمولغا ماڭدوردی. جو قمولغا کیلب، «سیلرنڭ 2 تورلوك شرط
گزلرنی قبول قیلیمز، قورال تاپشورسا گزلر» دەب یانا تاغقا وەکیل
چیقاردی. تاغلقلر، بو چقتان وەکیللەرنی، «قورالیمزنڭ برقسمیـ
نی 5 یللن صوڭ، قالغان برقسمینی 10 یللن صوڭ تاپشورومز» دەب
قایتوردو. آخری یانا سوقوش باشلینب جونڭ عسکرلری تار —
مار بولودور. بو اورتەدە بارکول طرەفدن کیلب آتقان املڭدن آر
توق جڭ شورین عسکری هلاك بولوب، قوراللری عصیانچیلەرقو
لیغا توشدی. جڭ شورین نڭ 2نچی بریکی قوەتی کیلب قالشلن
بورون قمول شهرینی اشغال قیلماق اوچون خواجه نیاز حاجم دەم
الاب واڭ مـازاری اچیگـه کیـریب الـب کهنه شهرگه هجوم
باشلادی.

مانا شو واقتلا گانسودا مابوفاڭ ایله ماجوڭیی اورتـاسیدا
سوقوش چقب، ماجوڭیی مغلوب بولوب تورغان ایدی. مانا بو ما
جوڭیی مسلمان دین قرینداشلق واسطەسی ایله یاردەم بەرمەك
اوچون قمولغا چقب خواجه نیاز حاجم ایله برلکده قمول شهر
گه هجوم قیلدی. حکومت طرەفدن خەتوەن جاڭ تسلم بولمدی.
جوسی جاڭ موحاصره ایچیده قالدی.

3نچى قيتم جاڭشورين طرەفدن باش قوماندان (زوڭزيخوى) بو لوپ كەلگەن ليوتوڭبەى اوز عسكرلرى ايلە 7قودوق نديگەن جە يدا تار-مار بولدى. 4نچى قيتم جاڭشورين طرەفدن ماڭدو رولغان اوروس، قالماق آرلاش عسكرلر قمولنڭ ليودوڭ ديگەن جايىغا يتيب كەلگەندە بوندىكى يەرلك تونگانلار قوزغولوب بولرغە قارشى سو قوش باشلايدو. بوقيتم عصيانچيلر ييڭياب چيكينيدو.

بو اورتەدە غەنيمت توشكەن قورال وە نرسيلر تقسيم قيلش منصب مسئلەسيدە خواجە نياز حاجم ايلە ماجوڭيى اور تاسيدا آز وتولا كيلە ـشالماسلق پيدا بولودور. بو سببدن بو ماجوڭيى سو جوغاقا يتب كيتب، انقلاب اوستيدە خوا جە نياز حاجم ئيولبە رس بەك قاليدو.

5نچى قيتم باش قوماندان جاڭفى يودن ، باش مصلحت چى شڭشى سەى نڭ قول آستندا نور غون اوروس، قال ماق، خەنسو عس كرلرى قمولغا كە لدى. بو كەلگەن عسكرلر قورال وە سان جهتدن



ما جو ڭيى

اوستون بولغانلقدن انقلابچيلار مغلوب بولوب تاغ آراسيغا چيكيـ ـنيب ايلبە يەمەك — اچمەك طرفدن كوب قيينالدى. جاڭفى يوەن قمول شهريدە واڭ اوردەسيغا اوت قويوب واڭنڭ توپليغان نور غون آلتون — كموشلرينى بولاب آلدى.

بو واقتدا تاشقى ماڭغوليەدن بارەم بيريلەغانليقيني بيلدو روب 7 كشيلك برهيئت قمول تاغيغا كەلدى. بو تاشقى ماڭغوليەدن كەلگەن آدا ملەر جاڭسين دورغا، (موڭغول)، آباى (قازاق)، نياز (اويغور)، قاسم (قازاق)، اسماعيل (اويغور) ظهورالدن (اويغور) دن عبارەت بولوب بولەر انقلابچيلارغا «سزلرنڭ انقلاب قيلغانڭز لەرنى آڭلاب، بزسزلرگە قوشنا بولغان اوچون سزلەردن حال احوال سورىماقغا وە ياردەم بەرمەككە چقدوق. بزمو اولدم ايزيد گەن ايلوق، شورالر حكومتنڭ ياردىمى ايلە بزهم «آزا»دبول ـ

بلەۋق، سىزلەرگە ياردىمىمىزنى ئاياماي مىز» دەپ 5يۈز قۇـور ئەسكەرى كىيىم، 70دانە مىلتىق، 40.000 سەر پۇل، كوپ اوق دورا سوغات تقلىم قىلىلدو. قمول انقلابچىلرى تاشقى موڭغوليەنڭ احواليني بىلەـ گەنلكدن چەتكە سويونمەى اوز كوچى بلەن انقلاب قيلماقنى لايىق كورو ب كورونو شلە ھەيتىدا.. دەب قويسىمو، مضمونىدا تاشقى موڭغولنڭ كورسەتكەن پلانىنى قبول قيلمايدو. شونلقدن تاشقى موڭغوليە ياردەم بيريشدن اوميد اوزودو.

بو اورتەدە جڭشورين نڭ بتون عسكرى كوچى قمولغا توپلونوب، سوقوشقا زەرەھلى آفتوماشينا، ايغرتوب، حتى آيروپلاتلارقا تناشيلدو. قمول انقلابچىلرى بلەن شڭشى سەى اورتاسىدا 1نچى چەقيتىم قاتتق سوقوش بولودو. قمول خلقى اوزلرينڭ آزليغى، قوراليننڭ زەعيفلىكى، اقتصاد كوچينڭ يوقليقيغا قاريماسدن روحىنى توبەن توشورمەى ھەربر قيتىم سوقوشدا دوشمەن طرەفنى تار - مار كەلتوروتورودو. بو واقتدا ماجونڭيى طرەفدن ماخى يڭ آتلق برتونگان برقانچە تونگان عسكرينى باشلاب قمولغا چقيدو. شڭشى سەى بو واقتدا ماجونڭيى چيقب قالغان اوخشايدو دەب خەوفگە توشودو.

## تورپاندا قوزغولوش

قمول انقلابى بوحالغا يەتكەندە، جڭشورين ھيچ بر علاج قيلالماى زورخەوف آستيدا قالدى. قمول انقيلابيغا نصرەت تيلەب ئەيتيلغان «آچيل» ناخشاسى بتون يورتتا تارالدى. ھربىـرشەھردە منورضيالى آدامەلەر تورلى تشويق يولى ايلە خلقنى انقلاب قيلىقا وە قمول انقلابيغا ياردەم بەرمەككە چاقردى. حتى جڭشورين قمول انقلابى حقيدە چققان ناخشاوە تشويقلەرنڭ كيكەيىب بارغانيدن چوچوب، «كمدە كم آچيل ناخشاسينى ئەيتسا، قمول توپولكى توغرولوق سوز قيلسا، اولوم جازاسى بيريمەن» ديگەن بويروقلەرنى ھم چيقاردى.

بتون يورت بوحالدا تورغاندا، ماشىمن ناملق برتونگان (ماجونڭيى نڭ آديمى)، تمور بوتوڭ ديگەن براويغور، خواجەنياز حاجمغا: «بوانقلابنى يالغوز قمولديلا چەكلەب قويماى تورپان ئاتى شەھر طرەفلريگە قدەر كڭەيتيلى، قمولنى تاشلاپ تورپانغا

چوتكەلسەڭ نچوك» ديگەن تكليفنى بېريلو. بونڭغا خواجەنياز حاجم «قمولنى يالغوز قالدوروب توربانغا اوتسەك ياخشى نەتيجە بەرمەس، اووەل قمولنى قولغا الب آندن توربانغا اوتسەك» دەب جواب بېريلو. بو اورقادا ماشى مين، تمور بوتو گلەر اوزفكرينى قوەتلەب، خواجە نياز حاجمنڭ ناراضيلقيغا قاريماي توربانغا آتلانيدو. حاجم آلدينى توسايلو. بولار قارشيلق قيلب اوق آتيلو. شوندا ق قيلب ماشى مين، تمور بوتو گلەر 30 نچە تونگان عسكرنى باشلاب پيچانغا كيلب، يالغانلان «بزنى خواجە نياز حاجى، سزلرنى قوتقازماق اوچون موندا چيقاردى. املى قوزغالماسيلر» دەب پيچان خلقى غە تشويق قيليلو. بو سوزنى آڭلاغان همان پيچان خلقى قوزغلوب، ماشى من ايلە برلكدە پيچاننى هجوم قيلب قولغا آليلو. بو اثنادا قمول ايلە پيچان اورتاسيدا تورغان بر بولوم اوروس عسكرلرى پيچانغا كيلب قاليب پيچان قوز غولاڭچيلريغا هجوم باشلايلو. بو سوقوشدا تمور بوتولڭ اولوب، ماشى من 30 نچە تونگان عسكرينى الب شهرنى بوشوتوب بيريب لوكچونگە كيتيلو. جلڭشو ربن عسكرلرى پيچاننى الب خلقنى اولتوروب، مال - ملكينى بولاڭ تالاڭ قيلب، اوى - عيمارەتلرگە اوت قويودو.

1932 نچى يىلى 12 نچى آينڭ 2 نچى كونى توربان حاكمى پيچاندا بولغان واقعەنى آڭلاب، آستانە، سينگيم، مورتوق، ياڭخى قتارلق يېزالارنڭ علما، سوداگر، دهقان كاتتالرينى توربانغا چاقرتيب كيلب اولارغا: «توربانلان برملڭ دادەن قوناق آلماقتاو رومچيدن تيلغرام كەلدى. بونى بەرمەى بولمايلو، حاضر قمول خلقى اخمقلق قيلب تنچسزلق چيقاريب تورادور، اوللەرنڭ حكو متكە كوچى يەتمەيلو، آز كوندە بو قوزغولاڭ باسيلب كيتيلو، ينا بو يەرديكى خلق هم حماقتلق قليب هرخيل خيالغا توشمو سون، سيلر قمول خلقيغە يېقن خلقغە نصحت قيلب يورتنى تنچ توتوڭلەر» ديگەن سوزلرنى قيلب قايتورودو. ينا 12 نچى آينڭ 28 نچى كونى توربانداتورغان عسكر باشليغى وە حاكم ايكيسى محمود محيطى، امين آخون بايلرنى چاقرتيب اونلەردن: «قمول طرەفلان برقانچە اوغريلەر پيچانغا كەلدى ديگەن خبر بار، آڭلاديڭلرمو، اولارقانچە چەلك آدام ايكەن؟» دەپ سوراب بولوب آخردا نصحت اورنيدا:

ەاوغرىلارنىڭ چارەسىنى حكومت قىلادور، خلقنى نصحت قىلگىلەرە اوغرىلارغا قوشولموسون، حكومتنىڭ قوەت كىرىب تەڭ بولالمايدو» دىگەن سوزلرنى قىلىب قايتوردو.

قمولدا جاڭ شورىننىڭ حاكمىتى گە قارشى انقلاب قوزغالغان كونلەردىن اعتبارەن تورپاننىڭ وطن پروەر ملتچىلرىدىن محمود محيطى، حمدوللە اعلم آخونوم، موصول حاجم، مقصود آخون، عبداللە داملام نعيمى، قربان سعيدى، باي عزيزى، طاهر بەگ، عبدالقادر داملام، لوكچونلوك ابوطيب، نياز آخون، حسام الدين، تمور جسا، پولات آخونلر تورپاندا انقلاب باشلاب، قمول انقلابىغا ياردەم بەرمەك اوچون مخفى مصلحت اوتكوزوب فرصت كوتوب ياتقان ايدى. وە خلقنى انقلابقا دعوت قلغان تورلى تشويق وەرەقەلرى حاضرلاب ايدى، قەشقەر، كورلا قتارلق جايلەرغە تاراتقان.

پىچاندىن چىكىنىب لوكچونگە كلگەن ماشى مىن 12 نچى آى نىڭ 29 نچى كونى خواجە نياز حاجم نامىدىن محمود محيطى غا بر پارچە خط يازىدو؛ خطدە: «امين باى، محمود باى، ابراهيم دورغالارغا معلوم بولسونكى؛ بزلر نورغون عسكر ايلە چىقتىم دىگەن جايغا كەلدوق. سزلرمو حاضرلق كوروڭلر» دەب يازىدو. بو خطنى آڭلاغان آستانە خلقى راس خواجە نياز حاجم كەلگەن اوخشايدو، دەب خوش بولوب تزرەك قوزغولىشقا حريكت قىلىدو.

محمود محيطى لوكچونگە كيتىب قالغاندا، آستانە ياشلرى آستانەدە قوزغولاڭنى باشلاب شىيەرلىك سوداگر برنچە خەنسونى يوقوتوب اولارنىڭ مال - ملكىنى بولايدو. ياشىخى كاريزيدا ابراهيم دورغا يىتە كچىلىكىدە قوزغولاڭ كوتورولودو. بو واقعەلر بولغاندىن صوڭ محمود محيطى، امين بايلر لوكچوندىن آستانەغە قايتىب كيلىب بوندا ياشلرنىڭ واقتسز اش باشلاب قويغانىغا ايچىنىب آخرى انقلابنى قىلماققا قرار قيلىدو.

بو اورتەدە جاڭ شورىننىڭ 300 گە قدر عسكرى آستانەغە كىرىب احوالنى كوروب، سرتدىن آستانەغە سوقوش آچماق اوچون قارا خواجە طرەفكە اوتكەندە، آرقادن آستانە، قارا خواجە خلقى قوزغولوب برنچە تال ملتق ايلە بو عسكرلرگە هجوم باشلايدو. بو عسكرلر قاچىب آستانە، قاراخواجە كوچالريدا تار - مار بولوب قوزاللريدىن آيريلىدو. شو كون آخشامى ماشى مىن لوكچوندىن

ئاستانەغە كېلىپ تۇشۇتتۇ. بۇلەر بۇجايىدا تۇرپاندا ھجوم قىلىشقا قارار قلىشىپتۇ. ئۇزلەسى قاراخوجە، ئاستانە، مۇرتۇق، ياشىخى، لوكچۇن، لەمجىندىن توپلانغان 3·200 ئاتلىق فىدائىلار ھاضىر بولۇدۇ. بۇ فىدائىلەر نماز خفتەن واقتىدا كېنە ئاپادقا يېتىپ كەلگەندە، بولارغا تورپاندىن خبر ئالىپ چىققان عبدالمومن حاجى، حسام الد-



دين ئاخونلار ئوچ- راپ، تورپانغا يېتىپ كەلگەن مو- ضول حاجىنىڭ: «مىن دىن بۇرۇن ئىلگىرى جاڭشورتىنىڭ 1.200 عسكرى تورپانغا يو- روپ كەتدى بولار تورپاندا تورغان عسكرلەر گە قو- شولوپ ئالمىسون كىنىدىكى نزيلىخچە باريب 1200 عسكرنىڭ قورالىنى قو- غا چو شور

رىنى ئەيتىدۇ. بوخبرنى ئاڭلاپ مھمود محيطى ماشى مىن لەر بو 1200 عسكرنىڭ ئالدىنى توسماق ئوچون فىدائىلەرنى باشلاپ يا- دىگەن جايغا يېتىپ بارغاندا، گوچوك طرەفدىن كەلگەن برايشەكچى، «حاضر حكومتنىڭ 500 ئادەم عسكرى شافتولموق دي- مككە حركت قىلـ-

تورپان انقلابىنىڭ يېتەكچىلىرىدىن اولتورغان موضول حاجىم، اورە تورغانى محمود محيطى
گەن جايغا يېتىپ سون» دىگەن سوزنى ئاڭلاتىدۇ. ايمىن باي، ابراھىم دورغالار 500 نفر فىدائىلەرنى باشلاپ گوچوك يولىغا قاراپ ماڭىدۇ. اوروەچى يولىغا قاراپ بولونگەن فىدائىلەر كىنىدىكى دىگەن جايغا يېتىپ بارغونچە ئالدىغا 1200 عسكر اوچرىمايدى. گوچوك يولىغا بولونگەن فدائىلەر 500 حكومت عسكرىنى قوساپ سوقوش باشلايدى. فىدائىلەر چېكىنىش حاليغا يەتكەندە «بو طرەفنىڭ احوالى اغر، فىدائىلەرنىڭ ھمەسى بو ياققا كەلسون» دەپ اوروەچى يولىغا كەتكەنلەرگە خبر بىرىدۇ. محيطى كىنىدىك

طرەفدن يڭى فيدائيلەرنى الپ كوچوك يولىغا كيلىب بولىدا سوقوشو
اتقان فيدائيلەرگە ياردەم بيرىلدو. آخرى تاڭ كيلالماى فيدائيلەر توربانو
بىلەكى حسام الدين دن قورال آلماق اوچون توربانغا قايتىپ كەلىشىدو.
بو وا قتىدا يڭى شەهرگە توپ توپ قىسىپ
كيرىپ قالغان بيرماشىناغا هجوم قىلىپ، 18 تال ملتىقىنى قولغا توشو
رودو. يڭى شەهرگە فيدائيلەر كيرىپ آلغانىدا، اوروم‌چى طرەف
دن كيلىپ قالغان 1201 عسكر يڭى شەهرنى اطرافىنى قورشاپ، شەهر
گە قاراتىپ اوق آتىلور. بيرنچى آينىڭ 6 نچى كونى ماشىمەن
توربانىنى تاشلاپ قاچماقچا قرار قىلغانىدا، حمدالله اعلم آخون،
«ايمدى اشنى باشلاپ قويوپ، توربان خلقىنى اولومگە تاشلاپ
بزفەگە بارىمز، بزغو قاچىپ قوتولار ايكەنمز، بو فقرالەر نەگە
قاچىسون، بز قاچساق، خلقنى بو كەتكەن عسكرلەر قتل عام قىلماملو، نيمە
كورسەڭ كوردوق، همە مسلمان بيرگە قارشى تورماق لازيم» دەپ
خلقنى بيرلشتوروپ حكومت عسكرىگە هجوم باشلايدو. بيريم ساعت
كە قالمىغان سوقوشدا 1200 عسكردن 2 يوزى اولوپ قالغانى قاچ
ماي فيدائيلەر بو عسكرلرنى يارغول ديگەن جايغا قدەر قوغلاپ
بارىدو. 1200 عسكردن اولوپ آران 18 دانەسى ئامان قىلىپ داوان
چيكىغا قاچىپ بيريپ ئاليدو. بو سوقوشدا حكومت عسكرى طرەف
دن قولغا توشكەن نورغون حربى قورال حسابىغا فيدائيلەر كوچ
لونوپ آلودو.

توربان يڭى شهرنى قولغا آلغان فيدائيلەر كهنە شهرگە سو
لونوپ آلغان حكومت عسكرينىڭ باشلىغى مالوى جاڭغا «قورالنى تاپشور!
بولمىسا جانىڭنى يەيسەن!» دېپ وەكيل كيرگوزيدو. مالوى جاڭ بو،
لارغا: «بز قورالنى اوروم‌چىدن ئالغان. اوروم‌چىنى سوقوشوپ ئالغاندى
لەردن صوڭ ئاندن قورالنى تاپشورومز، شونىڭ اوچون ئالدى بلەن
اوروم‌چىنى الڭلار» دەپ جواب قايتورودو. ئاخرى كهنە شهرگە
هجوم باشلانىپ، مەڭنىڭ باقىنىڭ اوغلى عبدالله لەر طرەفدن
شهر دەرۋازىسىگە اوت قويولودو. بو ئاندا، مالوى جاڭ «هجومنى
توختاتسون، قورالنى تاپشورومز» دەپ خبر بيريلدو. سو قوش توخ
تاب بيرنچى ئاينىڭ 8 نچى كونى «فيدائيلەر كهنە شهرگە كير
مسەلك، مالوى جاڭ قورالنى تاپشوروش» ديگەن توختام بوييچە ما

لويجاڭ طرەفدن 2 چوڭ توپ، 8 دانە چارخلق پوليموت، اوق —
دوراسى ايلە 200 دانە ملتق فيدائيلەرگە تاپشورولدى.
توشقان بولاق ديگەن جايغا 4 دانە ئافتوموبيل ايلە كيلىپ قال
غان 40 نفر حكومت عسكرىنى قولغا توشورمەككە حاضرلينىپ تور
غاندا، ئاستانەدە تورغان مقصود ئاخون دن: «لوكچونگە 600 اوروس
عسكرى كيلىپ قالدى، تيزدن كيلەلەر» ديگەن خبر تورپاندىكى
فيدائيلەرغە كيلىدى. بوخبرنى ئاڭلىغان محمود محيطى دەرحال
فيدائيلەرنى باشلاپ تورپاندىن ئاستانەغە كيلىپ، ئاستانەدە اوروس
لەر بلەن سوقوش باشلايدو. اوروسلەر بر طرەفدن سوقوشوپ
بر طرەفدن چيكينىپ قاراخواجەنىڭ بادامليق ديگەن جايىغا كيلىپ
موصول بايىنىڭ ئاودىغا كيرىپ ئالىدو. فيدائيلەر بولەرنى قور
شاپ ئالغاندا، برنچى ئاينىڭ 11 نچى كونى اوروسلەردن 2 ئادام ئەل
چى بولوپ فيدائيلەر قاشىغا كيلىپ: «بز قورال تاپشورومز، چىقو
كيمز شوندوەن جاڭدىن بويروق ئالماق اوچون بزدن ايكى ئادام
تورپانغا بارسا» دەپ سورايدو. بو واقتدا مقصود ئاخون فيدائيلەرم
غە، «بو اوروسلەرنى قسمايلى، بولارغا كەڭچىلىك قىلساق، كيين
بولاردن فايدالينشقا بولودو. طلبىنى قبول كورسەك» دەيدو. بو
فكر قبول كورولوپ بو ايكى نفر ئادام تورپانغا شوندوەن جاڭ قاشىغا
كيلىدو. بو شوندوەن جاڭ بولسا، باياقى توشقان بولاققا كيلىپ قالغان
4 دانە ماشينا ايلە قولغا توشوپ تورپان كونەشەرگە قامالغان ايدى.
شوندوەن جاڭ بو ايكى نفر اوروسقا كشيلەرنىڭ ئالدىدا قورالك
لەرنى تاپشوروپ بيريڭلار دەپ، مخفى سورەتتە اولارغا «بو اوغ
ريلەرنىڭ ئارقى يوق ايكەن، ممكين قدەر قوراللارنى تاپشور
ماڭلار» دەپ قويودو.
بو نفر اوروس اوزلرى تورغان جايغا كيلىپ، مناملدى قورال
تاپشورومز دەپ توروپ تاڭ ئاتار واقتيدا محاصير ايچيدن قاچىپ
چيقىپ يىچانغا قاچىپ كيتيدو. فيدائيلەر بو اوق دوراسى قالميغان
اوروسلەرنى بى غەملك قىلىپ قاچوروپ قويغانىغا پوشايمان يەپ
ئارقاسيدن يىچانغا باريدو. يىچاندا 20 نچە كون قاتتق سوقوش
داوام قىلىدو.
مانا بو كونلەردە تورپاندى انقلابچيلەر قولغا ئالىنىۋرديگەن

خەبەر اوروەچچىگە يېتىپ چىقتى. بۇنىڭدىن اوروەچچىلەر كەچ كىرگەندىن شەھەر دەرۋازەسىنى تاقاپ الىش، كوچىدا ئادەم ماڭدۇرماسلىق ئىشلىرى پەيدا بولدى. جىڭشۇرىن اوروەچچى كوچىلىرىغا: «كىمدە كىم فىتنە اغوا تارقاتسا، اولوم جزاسى بېرىمەن!» دەپ بۇيرۇقلار چاپلاتتى وە اوروەچچىنى مۇدافىئە قىلماق ئۈچۈن قۇمۇلدا تۇرغان باشقۇماندان (زوڭ زىخوى) شىڭشى سەي نى اوروەچچىگە چاقىردى.

ھالبۇ اوروەچچىگە قاراپ قايتىپ كېلىۋاتقان شىڭشى سەي عەسكىرى پېچانىدا بولۇپ تۇرغان سوقۇش اوستىگە تويۇقسىزدىن كېلىپ قالدى. بۇ سوقۇشتا شىڭشى سەي نىڭ زەرەبىلىك ئاپتوموبىل، زورتوپ، ئايروپىلان ايلە كەلگەن 4000 دىن ئارتۇق عەسكىرى قاتناشدى. شىڭشى سەي طەرەفنىڭ قورال وە عەسكەر جەھەتتىن اوستۇنلۈكىنى نەزەردە تۇتقان فىدائىلەر چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇپ، بىر طەرەدىن سوقۇشۇپ، بىر طەرەفدىن چېكىنىپ تۇرپانغا كېلىپ ئالدى. شىڭشى سەي نىڭ عەسكىرى ھەم لەمجىن، لۈكچۈنلەرنى دەسسەپ اۆ توپ تۇرپانغا يېقىنلاپ قالدى. فىدائىلەر تۇرپاندا مۇدافىئە قىلىپ تۇرۇشقا كۈچى يەتمىدى. ماشىمىن تۇرپاندىكى پۈتۈن ھەربى قورالنى الىپ توقسۇنغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. مەھمۇد مۇھىطى ھەم توقسۇنغا قاراپ يولغا چىقتى. بولەرنىڭ ئارقاسىدىن سۈرۈپ كېلىۋاتقان شىڭشى سەي عەسكەرلىرى توقسۇنغا كېلىپ قالغاندا، بوا ئەنادە مەھمۇد مۇھىطى، موصول ھاجىم، طاھىربەگ، باي عزيزى، يوسفبەگ سعيدى، امىن ھاجى داملام، نعمت خلفت، مقصوم ئاخونلار بىرلىكدە فىدائىلەرنى باشلاپ قاراشەھەرگە كېلىپ ئالدى. مەھمۇد مۇھىطى خوتۇن سومبولغا چىقىپ تۇرغاندا، ھەمدۇللە اعلم ئاخونوم، امىن آخونلەر ياردەمگە خواجە نىياز ھاجىمنى باشلاپ چقماق بولۇپ قومۇلغا يۈرۈپ كەتتى.

شىڭشى سەي پېچان، لۈكچۈن، ئاستانە، توقسۇن، تۇرپان قتارلىق جايلاردە «سەنلەر اوغرىلارگە ياردەم بەرگەنسىلەر» دەپ كوپ ئادەمنى اولتۇردى، پول - مالىنى بولاڭ - تالاڭ قىلدى، اوي-عمارەتلەرگە اوت قويدى.

مەھمۇد مۇھىطى 3نچى ئاينىڭ 8نچى كونى تۇرپاندا فىدائىلەردىن بىر قىسمىنى ئەگەشتۈرۈپ، كومۇش دىگەن جايغا يېتىپ كەلگەندە، لۈكچۈن طەرەفدىن بىر ئادەم كېلىپ: «بىزلەر ھەمدۇللە اعلم ئاخونوم ايلە

قومۇلغا بارغان ئىلۋىق، خوجا نىياز ھاجىم قومۇلدىن چىقىپ، بىزنى خاتا
لىقتىن سىزگە ئېيتەردى» دېگەن خەۋەرنى مەلۇم قىلدى. مەھمۇد مۇھى
تى 14 نچى كۈنى توقسۇنغا كېلىپ شېڭ شىسەينىڭ ئەسكىرى ئىلە 3 كۈن
سوقۇشتى.

خوجا نىياز ھاجىم قومۇلدىن چىقىپ، لۈكچۈنگە يېتىپ كەلگەندە،
يېنىدىكى ئادەملىرىگە: «بىز شەھەرگە كىرمەيلى؛ ئەگەر شېڭ شىسەي ئەس
كىرى كېلىپ قالسا، بىزنىڭ شەھەرگە كىرىپ قالغانلىقىمىزنى باھانە قىلىپ
ئەھتىمال كۆپ ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ تاشلار» دېگەن پىكرىنى بەردى.
ئاخىرى خوجىلارنىڭ تەكلىپى ئىلە لۈكچۈن شەھىرىگە كىرمەككە مەج
بۇر بولدى. تويۇقسىزدىن لۈكچۈننى شېڭ شىسەي ئەسكىرى قورشاپ
ئالغاندا، خوجا نىياز ھاجىم قارشى سوقۇشنى داۋام قىلدۇرۇپ يېگىپ چىقا
لمىشىغا كۆزى يەتمەي شەھەردىن سورۇلۇپ چىقىپ كەتمەككە مەجبۇر بو
لدى. بۇ ئىككى ئوتتادا باشلانغان سوقۇشتا تۇرپان ئىنقىلابىدا بۈيۈك
خىزمەت كۆرسەتكەن ھەمدۇللاھ ئەئلەم ئاخۇنۇم، مەقسۇد ئاخۇنلار شېھىت بو
لدى. خوجا نىياز ھاجىم تويۇق دېگەن جايغا چىقىپ ئالدى.
17 — كۈنى شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرى توقسۇندا 5 — 6 يۈز
بىگۇناھ ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆي — ئىمارەتلەرگە ئوت قويۇپ
ئورۇمچىگە يۈرۈپ كەتتى.

بۇ ۋاقىتتا قاراشەھەردە تۇرغان ماشىمىڭ بۇندا بولۇۋاتقان
سوقۇشلاردا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى سېزىپ، ماجۇڭيىڭنى ياردەمگە
چاقىرىپ كەلتۈرمەك ئۈچۈن موسۇل ھاجىم، تاھىر بەگ، نىياز
تۇڭگانلارنى قاراشەھەردىن لانجۇغا ماڭدۇردى. بۇ كىشىلەر دۆخۋاڭ
يولى ئىلە ئەنشى دېگەن جايغا يېتىپ بارغاندا، ئالدىغا يولبارس
بەگ ئۇچرىدى. بۇندا يولبارس بەگ تۇڭگانلارنى ياردەم ئۈچۈن
شەرقىي تۈركىستانغا ئېلىپ چىقماققا ھازىرلىق قىلىپ تۇرغان ئىكەن.
يولبارس بەگ، موسۇل ھاجىلار بولۇپ، ماجۇڭيىڭنى 2 نچى نۆ
بەت ياردەمگە تەكلىپ قىلدى. ماجۇڭيىڭ قوبۇل كۆرۈپ چىقماق بو
لۇپ تۇرغاندا، بۇ خەۋەرنى ئىشىتكەن مەھمۇد مۇھىتى، ئاكىسى مو
سۇل ھاجىغا: «ماجۇڭيىڭنى بۇ ياققا چىقارماسقا ھەرىكەت قىلىڭ» دە
پ مەكتۇپ يېزىپ سوجۇغا مەخسۇس ئادەم ماڭدۇردى. ئەمما بۇنى

لدا ياردەمگە تكليف قيلات، كېين، امنى بوللي چقماق دەپ دەيتتى
قا يوزى چيلامىغان موصول حاجم، ماجوڭيڭنى باشلاپ شرقى
توركستاندا الپ چيقىلدو.

بو كونلرده محمود محيطي فيدائيلەرنى باشلاپ، توقسون، تور
پان، پچان، لوكچوننى بوشوتوپ اورومچيگە قاراپ سورولگەن
شلڭشى سەى عسكرلرىنى باياندۇ ديگەن جايدا توساپ سوقوشو
دو. بو سوقوشدن قايتيپ برنچي نوبت خواجەنياز حاجم ايلە تور
پاندا كوروشودو. بو ملى انقلاب يتەكچيلري انقلابى حركتنى
بوندن صوڭ قايسى اوصولدا الپ بارىش خصوصيدا صحبت اوت-
كوزوپ توربناندا حكومت قوەتى قالميغانلقدن انقلابى سوقوش
صفيني كوچوڭ طرەفكە يوتكەشكە قرار قيليشيدو. بو قرار بو
يچە فيدائيلەر كوچوڭ، مەريغا قاراپ سورولدو.

## اورومچيگە برنچي هجوم

«اورومچى زور خوف استيدا قالدى. بر هجوم بلەنلا باسيب
آلماقتا ممكن» دەپ ايشەنگەن ماشيمين برنچي آينڭ 19 نچى
كونى عسكرينى باشلاپ اورومچى شهريگە 40 يولچيچى ساوزا
ديگەن جايغا كيلپ توشيدو. «ماشيمين اورومچيگە هجوم قيلار
ميش» ديگەن خبر آڭلانش همان اورومچى شهرى حربى حالت
ايچيگە كيريب، شهر ايچيدىكى تونگان، تۇركلەرنڭ شهر تاشى
غا، شهر تاشيدەكى خەنسۇلەرنڭ شهر ايچيگە كوچوش اشلرى
جانديليشيدو. جڭ شورين كوچوشيدەكى حكومت عسكرلريگە اوروم
چيگە قايتشقا امر بەريدى. 2نچى آينڭ 20نچى كونى كەيەنگە
لى، ماشيمىننڭ عسكرلرى اورومچى چوڭ كوبروك محللەسيـ
گە باسيپ كيردى. اورتادا قاتتيق سوقوش باشلاندى. آزكون اوتـ
مەى اورومچى شهرينڭ اطرافيدەكى تاغلەر، موهيم اورونلەر ما
شيمين طرەفدن اشغال قيلندى. شهر ايچيگە قاراتيـــب زەمبرەك،
پولەموتلەر آتيلدى. جڭ شورين عسكرى شهر ايچيدن چيقالمـــاي
سوقوشلەر برنچە كون داوام قيلپ تورغاندا، بو سوقوش اوستيـ
گە تورپان، توقسوندن سوروليب كيلواتقان شلڭشى سەى عسكرى كي
لپ قالدى. بو نڭ اوستيگە شرقي شمال (مانجوريه) دن سەويت توپراغى

راقالى چوچەككە اوتكەن مانجورييەلى خوشخوزا ناملق عسكرلەر
وروەچى شەھىرىگە كيلىپ قالىلى. بونڭ نتيجەسيدە جڭ شورىنىڭ
قوەتى كوچلونو، اونڭ عسكرىگە جان كيريپ، شەھەردن سرتقا
هجومغا چيقيلو. اوروس عسكرلرىنڭ اشتراكى ايلە بولغان هجومە
بيا ماشى مەين مغلوب بولوب چكينىلو. جاڭ شورىن طرەفلەن چوڭ
كوپرولك توتغان، تورگلەرنڭ اويلرىگە اوت قويولوب، چوڭ كو
روكدە تەكچە آدام اولتورولودو.

## قاراشەھەر، توقسوندا قوزغولوش

قمول انقلاب داوام قيلىب تورغان كونلەردە توقسون خلقى
هم توربان خلقى ايلە برگە فرصت كوتوب ياتقان ايدى. تور
پاندا محمردەمحيطى، حمدوللە اعلم آخونو ملر طرەفيدن تورپان انقلابى
باشلانغان همان، احمدوانڭ اوغلى توختى باشلق توقسون خلقى
تزدەن قوزغولوب تورپان انقلابچيلرىغا قوشولماق توغروسيدا
مصلحت اوتكوزوب، توختى آخون باشلق 10 آدامنى اوندەكى
رەهبرلەردن يول ــ يوروق سوراب كەلمەك اوچون وەكيل قيلىب
تورپانغا ايبەريلو. بو وەكيللەر تورپانغا كەلگەندە، تورپان انقلاب
چيلرى بولەرنڭ فكرينى قبول كوروب توختى آخونغا توقسون
دا قوزغولاڭ كوتەرمەك وظيفەسينى تاپشوروب توەن جانڭ (  )
لق منصب بيريلو. ماشى مين ياردەم اوچون مالسملك برتونگاننى
قوشوب بيريلو. بولەر توقسونغا قايتب بريب، اوندەكى فد
قلائيلەرنى توپلاب، توقسوندەكى حكومت عسكرلرىگە هجوم باش
لاب، توقسوننى اشغال قيلب، قاراشەهرگە هجوم باشلاماق اوچون
3 يوزگە قدەر فدائيلەر ايلە يولغا چيقىلو. بو فدائيلەر كموش ديگەن
جايغا يتب بارغاندا، عبداللە زوڭجانڭ، عبدالرحمان امام، كاما
ل شى وآزا باشلق 80 نفر آدام فدائى بولوب بولارغا قوشولوب
كيتيلو. اوشاق تال ديگەن جايغا كيلىب توشوب، قاراشەهر حاكيم
ادارەسيدەكى حافظ زوڭجانڭ ديگەن آدامگە: «يورتيمزنى، خلقيمز
نى جڭ ديگەن ظالمنڭ تمور تاپانيدن قوتقوزوب آزاد قيلماق او
چون جانيمزنى فدا قيلىب بوشرەفلك جەڭگە بيل باغلاب يورتي
مزغە آياق باسيب كيلىب قالدوق. ديندا شيمز، قانداشيمز بولغان

قىڭز اوچون بو اولوغ خىزمىتىمزگە ياردەم بەرەلمەي قاراپ تورالماس دەپ اوميد قىلماقتامز. شونڭ اوچون سىزدن بو وجدانى ياردەمنى كوتوپ قالامز» دەپ مكتوب يازىدو. بونڭغە جاوابەن حافظ آخون چىن كونگلدن ياردەم بىرىدىغانلىقىنى معلوم قىلىدو. بو اثنادا فيدائيلەر اچىدەكى كامازا باشلق تونگانلەر قاراشەر تونگانلرى ايلە مخفى علاقە باغلاپ، قاراشەر تونگانلرينى ياردەمگە چاقىرىدو.

نتيجەدە قاراشەرنڭ سرتيدن وە اچىدن هجوم باشلانىپ والى ايلە حاكيم فيدائيلەر قولىغا تيريك اسير توشودو. قاراشەرنڭ قولغا اوتوشى ايلە فيدائيلەر قورال وە باشقا ماددى نرسەلەر طرەفدن كوپ غنيمتكە ايگە بولودو. تورپانلىن بولەرنڭ بو كورسەتكەن خزمتيگە مكافات اورنىدا توختى آخونغا ليوجانگلق ( ) حافظ آخونغا يڭجانگلق ( ) منصب كيلىدو.

توختى آخونلەر قاراشەرنى ترتيبكە سالىپ بولوپ، مەڭگەنلار توق فيدائيلەرنى اويوشتوروپ كورلىغا قاراپ يوروپ نزيلگە كېلىپ، مونىڭدەكى بربولوم حكومت عسكرينى تار — مار كەلتوروپ كورليغا يىقنلاپ كېلىپ، كورليدا تورغان حكومت عسكرىنڭ باشلىغى جەنلوىجانگغا: «اگر ياخشىلقچە قورالڭنى تاپشوروپ تسلم بولساڭ، حاڭغە وە عسكريڭگە تەگمەيمز، اگر فكريمزنى قبول قىلماساڭ، توپانگنى آسمانغا سوزويمز!» دەپ الچى كيرگوزودە بونى جەنلوىجانگ قبول قىلمايدو. آريدا قاتتق سوقوش باشلانىپ، فيدائيلە جەنلوىجانگ باشلق جڭ عسكرينى هلاك قىلىپ كورلينى اشغال قىلىدو.

انقلابچيلارنڭ بو طرەفلەردە كوپ قورال غنيمت قولغا توشوگەنينى آڭلاپ ماشىمىن قاراشەرگە كېلىپ توختى آخوننى كورلادن چاقىرتىپ كەلتوروپ، بتون غنيمتلەرنى تاپشوروپ الىپ، توختى آخونغا: «سەن تورپانغا شڭشىسەي ايلە سوقوشماق اوچون بار، كامازا كوچارنى اوزى بارىپ آلسون» دەپ امر توشورودو. بونڭغا قارشى توختى آخون: «كوچارنى آلماقنى آكام تمورشاگە تاپشوروڭ، كامازا آكامغا ياردەمچى صوفيتىدە بارسون» دىگەن فكرنى كورسوتودو. بو فكرنى ناعلاج قبول كورگەن ماشىمىن

تمور شاڭيونى توەن جاڭلق. منصب ايلە كوچارغا ماڭلدوروڭدو .
بوآريلقدا توختى آخون تورپان طرەفكە كيلپ، قمولدن سو
ردوب كەلگەن شڭشى سەى عسكريگە اوچراب قاليدو. شڭشى
سەى بوتوختى آخوننى توتوب الپ، «عسكرلريڭ، قوراللريڭ
قايسى جايدا، دەيتب بەرسەڭ سينى اولتورمەيمز» دەپ قستاپ سو
رايدو. توختى آخون بونڭغا قارشى: «بزنڭ قورال قان برابريگە كەل
گەن، يانا قان ايلە چيقادو. بزنڭ قوراليمز سەندەك اوغريلەر
دن يورتيمزنى آزاد قلماق اوچون لازمدور، ظالملەرنى يورتمز
دن قوغلاپ چيقارماى توروب قورال قولمز دن توشمەيدو» دەپ
واقيراب جواب قايتورودو. شڭشى سەى بو قهريمانڭ مونداق
غضب ايلە قايتورغان جوابغا قاراپ بوندان برنتيجە چيقارالماس
لقيغا كوزى يتب توختى آخوننى قيلچ ايلە چاپب اولتوردى.

## كوچارغا هجوم

كوچارغا هجوم قيلماق اوچون بويروق تاپشوروب آلغاندن
صوڭ تمور شاڭيو اوزينڭ ييقن دوستلرى احمدخان، حامد
خان، عبدالله خواجەلەرنى مصليحتكە چاقريب اول بوگورگە
هجوم قيلب، اوندا فيدائيلەرنڭ سانيني آشوروب، قاراشهردن
كيليواتقان كامازا باشلق تونگان عسكرلرى يتب كەلگەندە، او
لەر ايلە برگە ليشب كوچارغا هجوم قيلماققا قرار قيليشيدو. تمورشاڭ
يو چيديرغا يتب كەلگەندە، كامازا يتب كيليدو. چيديردە على
آقساقال باشلق 30 نفر مرگەن فيدائي بولوب بولەرغە قوشولودو
يڭى حصارغا يتب كەلگەندە، عبدالقادير ملا، نعمت مراب، برات
فهلوانلار باش بولغان حالدا 100 نفر مرگەن فيدائي بولوب
قوشولودو. بولەر يڭى حصار نى اشغال قيلغان كونلەرگە اول
گورتوب خواجە نياز حاجمنڭ توققانى نياز خلفت رەهبرليكيدە
قوزغالغان بوگور خلقى بوگور شهريني حكومت عسكرلريدن
قارتيب آلغان ايدى. تمور شاڭيو بوگورگە كيلب مصليحت قيلي
شيب كوچارنى آلماق اوچون يولغا چيقيدو. 200 دانە حكومت عس
كرى كوچار يڭى شهرگە كيريب الب شهر دەرۋازيلربنى تاقاب
آليدو. كوچار خلقى دن حمدم بەگ، احمدخان، حامدخان، عبدالله

خوا جه، عبدالقادیر، عبدالرسول حاجملەر وەکیل بولوب فیدا
ئیلەرنلڭ ئالدیغا کیلیدو. بولەرنلڭ ئارقاسیدن کوچار خلقی قزز
غولقوب آق بایراق کوتوروشوب فیدائیلەرنی قارشی آلماق او
چون لنگرگە کیلیدو. بولەر تمور شاگیو ایلە کوروشوب یاقا
دیگەن جایدا مصلحت ئوتکوزوب، کوچاردیکی حکومت عسکری
گە اوروشماسدن قورالینی تاپشوروب بەرمەکنی سوراب وەکیل
اورنیدا عبدالقادیربەگ، نظام الدین افندی، محمد ایمن شاڭ —
زوگنی کوچار شەریگە کیرگوزودو. کوچار حاکمی: «بزگە
3 کون مهلت بەرسون، 3 کوندن صوڭ قورال تاپشورومز» دیگەن
جوابنی چیقاریدو. تمور شاگیو — بولەرنلڭ 3 کون مهلت بیریڭ
لەر دیگەنیدە برگەپ بار، — دەب کوچارغە تزدن هجوم قلماقنی
لایق کوروب تیلغرام سملرینی اوزمەککە امر بیریدو. جمعە کو
نی ساعت 8 دە کوچارغا هجوم باشلانیدو. حکومت عسکری آراسی
دا بولغان تورك عسکرلری انقلابچیلارغا قارشی اوق آتماقاوج-
دانی کوتەرمەی شهر سیپللریدن سەکریشب توشوب فیدائیلرغە
قوشولوب آلیدو. انقلابچیلر سیپلدن آرتیلب توشوب شهردەربازە-
سینی آچیدو. بو اثنادا حکومت عسکرلری قورقوشوب بتون اوق
دورالەرنی برجایغا توپلاب اوزلری اوستیگە چیقب اولتوروب دورا
غاوت قویودو. بو اوتدن نهایتی قاتتق پارتلاش حاصل بولوب،
بتون کوچار شەرینی تومان باسیب آلیدو. شونداق قیلب کو
چار هم انقلابچیلار قولیغا اوتکەن بولدی.
بو اثنادە قولغا توشکەن غنیمت، منصب، آبروی اوستیدەفیدا
ئیلر کاتتالری اورتاسیدا آز - تولا سورکولوش پیدا بولودو.
بر - برینڭ قصدیگە توشوب کامازا، تموز شاگیونی قورالیدن
آیریماق اوچون اونڭغا «بوقورالەرنی قاراشهردیکی ماشی مینغا
ایبەریب بەرسەك» دەب فکر کورسوتودو. تمور شاگیونڭ کون-
دن — کونگە آبروی غالیبیت قازانیب کیتب بارغانینی کورال-
مای تورغان کوچار واڭی هم کامازانڭ بوفکرینی تیخیمو قوەتم
لەیدو. نتیجەدە تمور شاگیو، بوقورالەرنڭ اوزی ایلە برگەتور
غاندا کوب فایداسی بارلیغینی بیلسیمو، اما ماشی مین غایە-
بارمیسەم، بو ایکی بوزوق ماشی مین غا مینی یمانلاب خط یازیب

اورتانى بوزوب قويموسون دەب احتياط قيلب، غنيمت قوراللەرنى
ماشىمينغا ايبەريلدو.

بتون خاقنىڭ تمور شاكيو طرەفكە اويوشوب كيتب، اوزينىڭ
يالغوز قاليشيدن حسد قيلغان كوچار واڭى خلقلەرغە:«تمور بولسا
برعرباكەش، مەن بولسام بروالىڭ! مەن تورو ب، سەنلەرنىڭ بر
عرباكەشكە ئەرگەشكەنلەر قايداغ گەپ» دەب تشويق قيليدو .
يانا بر طرەفدن كامازا ايلە برليشب تمورگە قصد قيلماقچا اورو
نودو. بولەر اول تمورنىڭ قاشيدەكى بيوك مهم آداملەرنى يوقو
توب، آندن تمورنى اولتورمەككە مصليحت قيليشب، يوق بربهانە
ايلە اسلام باينى سودقا تارتيب: «سەن تونگان عسكرلرى توش
كەن اويگە گيلەمبەرمەپسەن، مينى (كامازا) قارشى آلغان واقتمدا، مەس
خيرە قيلب عسكريڭ آران موشومو دەب سورودوڭ» ديگەن گناه
لەرنى بوينيغا آرتيدو. آڭغيچە گينرال تمور بوا شىدن خبرتاپيب
كامازانىڭ قاشيغا كيلب، آسيب قويولغان اسلام باينى كوروب آچ
چيغى كيلب، ييشب توشورمەككە امر قيليدو. وەكامازادن:«اسـ
لام باي سىڭا نيمە گناه قيلدى» دەب سورايدو. بونىڭ گناسى حقد
لە هيچ برنرسە دەب بيرالميغان كامازا «واڭنىڭ التماسى بويچە
موشونداق قيلديم» دەب جواب قايتورودو. تمور شاكيو واڭغا
باريب اونڭغا: «بز ظالملەردن خلقيمزنى آزاد قيلماق اوچـون
انقلاب باشليغان ايدوق، بوانقلابنى بز منصب اوچون باشليغان
امەسمز، بوگون انقلابقا بيوك ياردەم ئەتكەن بوبر آدامنى قماب
قويساق، انقلابيمزنىڭ آخرى نيمە بولور، اونداق خطا حركـت
قيلماڭ، سز مەن بلەن چوڭلوق قاليشب هر آسمى اشلرنى قيلـ
ماڭ، بوگوندن اعتيباردن مەن سزگە عطاعت قيلاى» ديگەن قتار
لق سوزلرنى قيلب قايتب چيقيدو.

بو واقعە اوتوب آرادن بر — ايكى كون اوتمەيلا كامازا
نياز خلفتنى قورالسزلاندوروب، «سەن مەندن ايجازەتسز بوگور
نى آلديڭ، بوگورنى آلغان واقتمدا 2تونگاننى اولتوروپسەن»
ديگەن تهمتلەرنى چاپلاپ نيا خلفتنى ساى بويغا الب چيقب ئول
تورودو.

كوچار النغانىنىڭ ئەرتەسى تىسكىن دېگەن قىشلاغلىــق هادى اعلم دوشنبه بازارغا كېلىب خلقنى انقلاب بقا دەۋەت قىلىب، حاكم محكىمەسىگە هجوم قىلىب، حاكم مەرى وە قورالللەرنى كوچارغا الىب كېلىب تمور شاشىو ايله كامازاغە تاپشوروپ بەرگەن ايدى كوچار واقى، هادى اعلم گه اوچلوك قىلىب، كامازا ايله بر لىشىپ «بزدن ايجازەت آلماى شهرنى الىب بزگه حرمتسزلك قىلدىڭ» دەپ انقلاب قىلغان مكافاتى اوچون هادى اعلمنى اولومگە حكوم قىلىب اولتوروب، باشىنى كېسىب شهرنى آيلاندوروپدو.

## گېنرال تمور ئېلەيالڭتوەن جاڭ ئورتاسىندا بولغان سوقوش

گېنرال تمور كوچارنى تنچلاندوروب آلغاندن كېين احمد خان، حامدخان، عبدالرسول حاجى، عبدالله خواجەلر ايله فىدائىلرنى باشلاب قەشقەرغە قاراب يولغا چىقىدو. يول اوستىدە يالڭ توەن جاڭنىڭ عسكر باشلاب آقسودن كوچارغا قاراب كېلىۋاتقانلىقى معلوم بولودو. بو حكومت عسكرلرى ياقىنلاشىب كەلگەندە گېنرال تمور اولرنىڭ ايچىگە «قورالللرنى تاپشوروڭلار» دەپ 2نفر وەكىل كىر گوزودو. يالڭتوەن جاڭ بو كەلگەن وەكىللرنى گەپ ــ سوز سورىماى اولتوروب تاشلايدو. بو يالڭ توەنجــاڭ فىدائىلرنى، توسوماق اوچون تاجى خوراز دېگەن جايغا كېلىب عسكرلرىنى تاغلر آراسىغا اورونلاشتوروب سوقوشقا حاضر بولودو.

شو واقتدا غولجا يولىدن حكومت عسكرى توشوب قىلىشدن احتياط قىلىب، قوغان دېگەن جايغا قاراووللوققا چىقارىلغان حبيب الله باشلق 3نفر قاراوول ايلى يولىدان 2نفر خەنسو، بر اوروس بر قالماقنى توتوب كېلىدو. آختوروب كورگەندە، بولردن بر پارچە خط چىقىدو. خطدە يازىلغان سوز «قەشقەر، ياركند، اوچتورپان عسكرلرى تزدن آقسوغا كەلسون. غولجادن دوزداوان ايشىپ عسكر بارىدو. حاضر تمور كوچارنى آلدى. قەشقەرغە يورمەكچى، اونىڭ يولىنى توساڭلار» دېگەندن عبارەت بولغان. دېمك بو واقتدا جلڭشورين، قەشقەر ايله بولغان علاقەسى اوزولگەنلىكدن بو 4نفر آدامنى ايلى آرقالى قەشقەر طرەفكە توشورگەن ايدى.

گېنېرال تمور بر بولوم فېدائىلارنى ياڭتوەن جاڭنىڭ آرقاسى
غا آقسو يولىغا اوتكوزوب الىب، ياڭتوەن جاڭ عسكرى اورونلو
شوب آلغان تاغقا 4طرەفلەب محاصىرە حالىدا هجوم باشلايدو .
بو سوقوشدا ياڭتوەنجاڭ يېڭىلىب، 12عربا اوق؛ 80توگە آشلىق،
بر زەمبىرەك، برمونچە ملتىق فېدائىلارگە اسير توشودو. چېكىنگەن
ياڭتوەنجاڭ عسكرلرى آق قام دېگەن جايدا هم چېداب تورال-
ماى آقسوغا ناريب آلودو. ياڭتوەنجاڭ جامدېگەن جايدا يورت
كاتتالرى بولوب 1.000چە آدامنى سارايغا توپلاب اولتورودو. جام
لەكى بتون خلق اويلرىگە اوتقويوب كويدوروُدو. آخرى آق
سونى هم تاشلاب چقماققا مجبور بولغان ياڭتوەنجاڭ بولايدىغاننى
بولاب، اولتورديغاننى اولتوروب، كويدورديغاننى كويدوروب قەش
قەرغە قاراب سورولودو.
بونىڭ آرقاسىدىن قوغلاب كېلىب آتقان گېنېرال تمور باشلق فېدا
ئىلر لەنگەرديگەن جايغا يېتىب كەلگەندە، آقسو كاتتالريدىن باي شاك
رو، محمد شاكرزوك، محمودخان باشلق نچەيوز آدام كوب هدية الىب
بولرنىڭ آلديغا چقيدو. بو آقسودن چققان آداملر فېدائىلرنى نهاي
تى قزغىن داغ - دوغا ايلە آقسو كهنە شهرگە الىب كيريدو. شهر كو
چاسىدا كېتىب بارغانىدا، گوروكەش برخەنسونىڭ گېنېرال تمورگە
قاراتىب آتقان اوقى تمورگە تەگمەى اونىڭ قاشىدا كېتىب بارغان
زاكر آتلق بر آدامغە تېگىدو. شو كونى، كهنەشهرگە توپلونوب آل
غان حكومت آداملرى بتون-ترنى اوتقويوب خاراب قيليدو. كاما
زاهم 3,000 دانە عسكرا يىلە آقسو كهنە شهرگە كېلىب توشودو. گېنې
رال تمور اوچتورپاننى آلماق اوچون يولغا چققاندا، كامازا «تمور
قايتىب كرسون، مەن ايلە مصلحت قيليشىب بارسون» دەب تمورنى يول
دىن قايتوروب كيريدو؛ تمورگە ايتماى اوزى باشقا يول ايلە اوچتور
پانغا عسكر ماڭدوروب اونداكى قورالارنى يېڭى شهرگە الىب كې-
لىب اوزى باسىب آلودو. بونىڭ اوستيگە آقسودا قولغا توشكەن قورال
لرنى ماشى مېنغا ايبەريب، آقسونى مەن آلديم دەب ماشى مېنغا
خط يازيدو.

گېنېرال تمور آقسودا بر آى توروب حاضرلق اشلرىنى تو گو
توب قەشقەرغە قاراب ماڭماقچى بولغاندا، كامازا: «تمور قەشقەرغا

بارماي غولجه غه بارسون» ده ب تموقاشغا آدام كرگوزيلدى. بو سوزگه
خافا بولغان تمور كامازانڭ اويگه كيلب اونڭغا «من، او چتور پاندن تو
ساب اوزوك بارديك، امدى قه شقه ردن غولجاغا بارده يسه ن. غولجا
غا بارماق آسان امه س. بولمساسه نمو بز ايله غولجاغا بار، اي، وشنى
بز قيلايلى، اولسه ك بز اوله يلى: آلغان يه رگه، پولغاسه ن ايگه بول»
ده ب بر مونچه يمان گه ب قيلدى. گينرال تمور اصلى ماشن من ايطاع
تى آستنده كي آدام بولغانلقدن كوب اشلرده اورتا بوزولوب قـالما
سون ده ب كامازاغا يول قويوب كه لگه ن ايدى. تمور نتيجه ده كامازا
نڭ بوقلغان، اتكه ن اشلرى لوستندن ماشي من غا عـرض يازيـــ
لدو. اورتادا بولوواتقان بو اشلرغه چيدامغان تمور، كامازا اوسـ
تندان يمانلاب آر قيغا قايتماقچي بولوب يولغا چيقدى. تمور قاتناشه ب-
سا، سوقوشلدن نتيجه چيقاريش تس ايكه نيني بيلگه ن كامازا «هـــر
نه اش قيلسا خاهليغانيني قيلسون. بز ياردمده بولومز» ديگه ن وه عده
ايله تمورنڭ قاشغا وه كيل چيقاريلدو. باي آخون عزيزى، صوفى به گ
حاجيلر بولارنڭ اورتاسيدى ئه پله شتوروب قويدو.

ياڭتوه ن جاڭ تومشوق ديگه ن جايغا بازيب، قه شقه ر ماداوته ى
دن كه لگه ن كوچلرنى توپلاب مستحكم قوروب آلغانلقدن قه ش
قه رغه قاراب يولغا چققان فيدائيلر بو جايدا نهايتى قاتتق هجوم باشلايد
لدو. تومشوقدا 30 نچه كون قاتتق سوقوش بولودو. آقسودن علـــى
حاجي، قرغز قولى به گ يته كچيلكيده 500 آدام فيدائي بولوب كيلب
تومشوقده كي سوقوشقا قاتناشيلدى. حامدخان قه شقه ردن ياڭتوه ن
جاڭغا كه لگه ن 25 عربادا قورالنى قولغا توشوروب ئالودو. بـــوسو
قوشدا هر ايكى طره فدن كوب ئادام چيقم بولوب، فيدائيلر ئارقا
غا چكينيب تورغاندا، قه شقه ر ماداوته ى قاشندان محمود ئاخـــون
داملام، ملاآخون حاجي، احمد حاجي، امين خان به گ، عبدالله خان
خواجه باشلق 2? نفر آدام وه كيل بولوب تمورنڭ قاشيغا كيلدى. تمور
بو كه لگه ن وه كيللرنى حرمت ايله قارشى آلودو. وه كيللر باشليغى
محمود داملا تمورگه: «ياڭتوه ن جاڭ ايله اوروشوب اولتورمايمز، ياڭ
نڭ آرقاسندا ماداوته ى بار. ممكين قلدر آقسوغا قايتڭ، ياڭتوه نجاڭ
ايله اوزلرينى اتفاق قيلب قويايلى» ديگه ن فكرنى كورسوتودو.
احمد حاجي ديگه ن كشي بونڭغا قوشومچه قيلب: «قه شقه رده كوب

اجنبی‌لربار. اگر قەشقەردە اوروش بولوب اولرغە بیرەر زییان
ییتیپ‌قالسا، یورتیمزغا یاخشی بولماس. بزنڭ سوزومزنی آڭلاپ
آقسوغا قایتیپ کیتلڭ» دەپ ئەیتیدو. بتون خلق انقلاپ دەپ‌توور
غان کونلردە بواورونسز سوزنی آڭلاغان تمور خاپا بــولوپ
وەکیللرگە: «بزهربر لرینی دەپ کەلدوق. بز گەسەن. کیرەك ئە
مەس قایت دیسەڭلر قایتیمز؛ لیکن یاڭتوەن‌جاڭنی یەڭگودەك
قوەتیمزبار یوقلیقینی ئەرتە ساعت 8 دەتەکشور مەکلرینی اومیل
قیلیمەن‌دەپ؛ئەرتیسی 3.000 فیدائی‌عسکرنی‌صەف توزوب مارش اوقو
توپ بو وەکیللرنڭ آلدیدن اوتکوزودو. بو اوز خلقیدن‌تشکیل
بولغان فیدائیلرنڭ مونچەلك غیرەت جسارەتینی کورگەن بــو
وەکــیلــلــرنڭ بعضی یرلری بەك تاٴسیرلەنگەنلکدینەمویغ
للاپ تاشلایدو، وە تمورگە قەشقەرغە تزرەك بارساڭز بولغیدەك
دەپ‌توصیە قیلیدو.
بو وەکیللر ایکی نفر آدامنی «تمور قایتماقا راضی بول
میدی. بزنیمە قیلامز؟» دەپ یاڭ توەن جاڭ قاشغا ایبەریدو. بو 2
نفر آدام وجدانسز بولغانلیقدن یاڭ توەن جاڭ قاشیغا کیلپلاتمور
گە خیانت قیلیدو وە یاڭ تودن جاڭغا: «تمورنڭ قورالی آزایــ
کەن. تزدەن هجوم قیلڭ» دیگەن سوزلرنی قیلادو. بوسوزگە
خوش بولغان یاڭ توەن جاڭ بو 2 نفر آدامنی «یاڭ قورالینی 3
کون ایچیدە تاپشورماق بولدی» دەپ باریڭلر دەپ قایتا تمورگە
وەکیل‌قیلیپ‌ماڭدورودو. بو 2 نفر آدام کیلیپ «یاڭ 3 کون ایچیدە
قورالینی تاپشورماق بولدی» دەپ ئەیتیدو. بوسوزنی آڭلاغان
تمور اویلونوپ شونچە کوچ ایلە تورغان یاڭ توەن جاڭ شون-
داق آسان قورال تاپشورامدیکەن» دەپ شبهەگە کلیپ، بوقتم‌بو
لر پلان ایلە کیلگەن اوخشا یدو دەپ گومانلق کشیلردن عبدال
لەخان خواجە؛ امن‌خان بەگ، علی، یوسفلرنی قماب بتــون
اشیالرینی آختورغاندا، آتنڭ ایگەری ایچیدن قەشقەر ماداوتەینڭ
آقسودا تورغان مالوی جاڭغا یازغان برپارچە خطی تاپیلیدو. خط
دە: «سەن بزایلە برتونگان. تمورنڭ آلدیدا قەشقەرغە کەل.
مەن سڭا ایطاعت قیلیمەن. ایکیمز برلیشیپ بواوغریلرنی یوق
قیلیمز» دیگەن مضموندا سوزلر یازیلغان ایکەن. مالوی‌جاڭ‌بولسا،

مور؛ گامازالرنىڭ اوسىتىدەگى باش قوماندان بولوب ماشى
انىڭ آديمى. تمور بوواقتدا قامالغانلردن باشقا وەكيللرنى «ماداوتەي
طرەفدن مالوى جاڭنى تكلف قيلب كەلگەن ايكەنسيلرە ناقە
غاباريب كورگەنلريڭزنى، وظيفەلريڭزنى بيان قيليڭزلر»
داقسوغا مالويجانىڭ قاشيغا ايبەريدو.
بو اورتادا ياڭتوەن جاڭ طرەفدن كوچلوك هجوم باشلانيب،
فيدائيلر چيدير ديگەن جايغا قەدەر چيكينيب كيليدو. آخرى فيدا
ئيلر قايتورما هجومغا اوتوب ياڭتوەنجاڭنى تومشوقدن اوتكـو
زوب تاشلايدو. بوواقتدا تمور مارالباشى لق توردى حاجى ناملق بر
آدامنى قەشقەرنىڭ اچكى احواليني بيلب كەلمەك اوچون قە
قەرغە ايبەريدو. توردى حاجى 12 كوندن كين قەشقەردن قايتب
كيلب قەشقەردە ماداوتەي نىڭ قرغزلردن 800 گەقدەر عسكرالـب
مورگە قارشى تيارلاب تورغان خبريني الب كيليدو.

گينرال تمور (تمور بوتوك)، اگر ماداوتەي قەشقەر قرغـز
لريني بزگە قارشى اوروشقا سالماقچى بولغان بولسا، بزنىڭ قەش
قەرنى آلماقيمز قيين بولودى، — دەب قايغوروب تورغان كونلەر
دە، قرغز عسكرلرينىڭ باشليغى عثمان طرەفدن الچى بولـوب
كەلگەن 2 نفر قرغزني قاراوولچيلار يولدن توتوب، گينرال تمور
نىڭ آلديغا الب كيليدو. بو 2 نفر قرغز توماقيني يرتيب اچيدن بر
مكتوبني چقاريب تمورگە توتودو. بو خطگە عثمان، اوراز، قوش
مەت، توختى لارامزا نەتكەن بولوب، مضمونى،- بز 800 قرغز سز
گە قوشولماققا تيارمز، — ديمەكدن عبارەت بولغان. گينـرال
تمور بونى كوروب بەك خورسند بولوب مذكور 2 قرغزغا عبـ
دالقادر مخدومني وەكيل قيلب قوشوب، مخدومدن عثمانغا بردانە
آق بايراق، برپارچە خط ايبەريدو. مكتوب، «رەحمت سزلرنـىڭ
وجدانيڭزلارغا، الله سزلرني توغرا يولغا باشلابدو. مسلمانلق
وظيفەڭزني اوتەگەن بولدڭزلار، سزلار ممكن قدەر مارالباشى
غە كيلب ياڭتوەنجاڭنىڭ آرقاسندن هجوم قيلڭلر، اگر كوچوڭ
لر يەتميسە، آرتوچغا كيلڭلر، اگر بونى هم قيلالماساڭلر، اوز
جايڭزلاردا فرصت كوتوب تورڭزلار» ديگەن مضموندن عبا
رەت. مخدوم 9 كوندە عثماننىڭ قاشيغا باريب هديەلرني تقديم قيليدو.

عثمان گینرال تەورنڭ ھەديە قیلغان آق بایراغینی کوروب
کوب یغلایدو، کوزلریگە سورتودو، عثمان بواشنی ھیچ کیمگە
معلوم قیلمای، ماداوتەی قاشیغا کیریب: «اوغریلر یاقنلیشب کەلە
ەکەلە، قورالیگزنی تیزرەك بیریڭ، مەن عسکرلرگە سوقوش
یوللرینی اورگوتوب، سوقوشقا اولارنی تیارلاب تورای» دەیدو.
ماداوتەی 800 میلتق، یيتەرلك اوق بیریدو. عثمان قایتب عسکر
لرینڭ قاشیغا کیلب نزیر چراغ اوتکوزوب، ماداوتەینڭ قرغز عسکر
ری اچیگە قوشوب قویغان 8 آدامینی توتوب قماققا آلیدو. آندن
قرغزلارنی توپلاب، اولارغا یالڭ، جلڭ وە ماداوتەی طرەفندن اشل
ەنگەن ظلوملارنی وە مسلمانلارڭ مسلمانغا قارشی اوق آتیشنیڭ
حراملیغینی سوزلەب بولوب، مەن ماداوتەینڭ قورالی ایلە ماداو
تەی گە قارشی انقلاب آچماقچیمەن، سزلر نیمە دەیسزلر دەب قالغان
لارغا مصلیحت سالیدو. بارلق قرغزلار فکریڭزگە قوشولامز، ھر
نە قیلساڭ ایطاعت قیلە بولامز، — دەب جواب قایتورودو. عثمان
گینرال تەوردن کەلگەن بایراقنی ایگز کوتوروب، ناغرا - سو
نای چالیب، ماداوتەی گە: «شورنی چاپسان بیکار قیل، بولمیسا
تیار بول» دەب خبر کرگوزەدو. بو حالدا عثمان باتورلوق نام
ایلە اطرافیغا 5000 گە قدر فیدائی توپلایدو وە عثمان اوزینڭ
قیلغان اشلرینی آڭلاتماق اوچون مخدوم نی گینرال تەورنڭ قا
شیغا ایبەریدو. مخدوم بولغان واقعەنی کیلب آڭلاتیدو. گینرال
تەور بو واقعەنی بتون قول آستندا کی فیدائیلرغە آڭلاتیب اولر
نڭ روحینی کوتورودو. بو واقتدا فیدائیلرغە تیخیمو زور غیرەت
کیریب 2 کیچە - کوندوز سوقوش قیلب یالڭتوەنچاڭنی ییگیلدو
یالڭنڭ 1000 دانە عسکری قوراللری ایلە فیدائیلر قولیغا اسیر تو
شودو.

ماداوتەی عثمان باتوردن یوقورقی مضموندا مکتوب تاپشو
روب آلغاندن سوڭ ایلگری یارکندە آفغانستان وەکیلی بولوب تورغان
جیرنیل افندینی 50 عسکر ایلە عثماننی اولتورمەککە چیقریدو
جیرنیل آبادنڭ بوییغا یتب بارغاندا، فیدائیلرگە اوچراب قاچیب
شھرگە کیریب آلودو. آندن ماداوتەی اوزبیك یوسف جاننی چاقی
ریب: «سەن ایلگری روسیەدە روسلارغا قارشی اوروشقان ایکەن

سەن، سەن انديجانلقدن عسكر الب، عثمانغا قارشى اوروش، اگر عثمانني يەڭسەڭ، كيلەچكدە اوزبيك مسافرلارا اوچون يڭى شهرني توشكونلككە بيريمز» دەب آلدايدو. يوسف جان قبول كوروب عسكر توپلايدو. مادا وتەى خەن ديگەن كشيني باشلق، يوسف جانني معاون قيلب 80 دانە ميلتق بيريدو.

بو واقتدا عثمان باتور، گينرال تمور فيض آبادقا كيلبدو ديگەن خبرني آڭلاب، قارشى آلماق اوچون ساتب آلدى جان، قوشمت باشلق 50 عسكر بلەن فيض آبادقا كيليدو. بوندا تمور ايلە عثمان قوچاغلاشيب، يغلاشب كوروشودو.

## عثمان باتورنڭ قەشقەرغە هجومى

بوندا توروب عثمان باتور قەشقەرغە هجوم قيلماقچا گينرال موردن بويروق آلغاندن سوڭ 1933 - يلى 4 - آى 7 - كونى سەشنبە ارتە ساعت 7دە قەشقەرغە هجوم باشلاب، بتون سپلني قورشاب آليدو. بولاق باشندن سيپلني بوزوب شهرگە كيريدو. بر بولومى توشوك دەروازاغا اوت قويدو. شهر تاشندن هجوم باشلانغاندا شهر اچيندەكى خلق هم قوزغولوب يارباغ دەر بازەنى قرغزلارغا آچيب بيريدو. 3 ساعتلك سوقوشدن سوڭ مادا وتەى عسكرلرى مغلوب بولوب، قورالليرنى تاشلاب، خلق اويلريگە موكونوب آليدو. بو واقتدا يوسف جان هم عثمانغا قوشولوب كتيدو. آرتوچدن كيچك آخون ديگەن آدام برمونچە فيدائيلرنى باشلاب عثمانغا ياردەمگە كيليدو.

بو اورتادا قولغا توشكەن غنيمتلرنى بولوشوش، اولجا الش اشلريدە عثماننڭ قول آستندا بولغان عبدالله، اورازلر باش-باشتاقلق قيلب عثماننڭ سوزيگە كيرمەى اوزيچە اش اشلەيدو. بونڭغا خافا بولغان عثمان «موندا اق قالايميقانچيلق، باش - باشتاقلق اشلان كەچليم، نيمە قيلساڭلر شوني قيلڭلر، مەن فيض آبادقا باريب اوروم چيدين كيليدىغان عسكرلرني توساب ياتيمەن، سەنلردەك ناانسافلرنڭ ديداريني كورمەى» دەب يماننلاب اوزيگە يقن 40 عسكريني الب كچيسى اوزى تورغان كرم باغدن يوروب كيتيد

و.ل عبدالله آخون، احمد جانلر آرقاسندان باريب نامعقوبولوب
عثماننى قايتوروب قوم دەربازاغا الب كريلدو.

1933 - يلى - آينك 8 - كونى گينرال تەمورقەشقەرغە يېتب كېـ
ليدو. عثمان باتور بتون خلقنى باشلاب آلدىغا چيقب قارشى آليـ
لدو. گينرال تەمورعسكرلرى ايلەقوم دەربازەدەمحەمودخاننىڭ باغىغا
توشودو.

4 - آينك 11 - كونى ماجەنسەن تونگان عسكرينى بـاشلاب
قەشقەرغە يېتب كيلب ماداوتەى بار دوتەى محكيمەسيگە باريب
وشودو. عثمان باتور قەشقەرنى آلغاندا، حاكميتنى قولغا آلغان
بولسىمو، ماداوتەى نڭ حياتغا تەگميگەن، بەلكى اونى حمايە قيلب
ساقلاغان ايدى.
بواورتادا عثمان، قوشەتنى يارکندنى آلماق اوچون ايبەريـ
لدو. بوخبرنى آڭلاغان ماجەنسەن مەندن روخصت آلماى نيمە او
چون يارکندگە آدام ماڭدوردى دەب خافا بولوب، عثماننى چاقير
تيب كەلتورمەك اوچون 4 دانە عسكر چقاريدى. عثمان اوزى بار
ماى ماجەنسەن آلدىغا اورازنى ايبەريدى. اوراز، ماجەنسەننى قول
دا تاپانچە توتقان بەك خافا حالدا كورودو. ماجەنسەن: «عثمان نيمە
اوچون كەلمەى، سەن كەلدىڭ، قوشەت نيمە اوچون يارکندگـە
كەتدى» دەب سوراق سورايدى. اوراز: «مەن بيلمەيمەن، عثمان
دن سوراب جواب بيرەى» دەب قايتب چقيدى. بواحوالنى آڭلا
غان عثمان: «قەشقەرنى مەن آلسام، يورت بزنڭ بولسا، ماجەن
سەن مەندن حساب آلورميكەن؟» دەب خافابولوب، اوزيگە قاراشلق
اوزبيك، قرغز عسكرلرنى باشلاب 5 - آينك 17 - كونى ماجەن
سەن تورغان داوتەى محكمەسيگە هجوم باشلايدى. بو واقعەنى گين
رال تەمور آڭلاب، عثماننى بو آلدىراڭغولوق حركتدن توختو
توب آليدو. ماجەنسەن ايلەعثماننڭ اورتاسيدى ياخشيلاب قويودو. شوند
ىن سوڭ ماجەن سەن كهنە شهردن چيقب يېڭى شهر گە هجـوم
باشلايدو.

يونس بەگ قەشقەرغە والى بولوپ، سابق والى ماداوتەى
دن خلمتنى تاپشوروپ آلودو. بوانقلابچيلار قەشقەرنلڭ تنچليقينى
اورنوتوپ بولوپ يارکندگە يورمەككە حاضرليمىدو. بو كونلردە
زامانيدن خبردار، علملق يونس بەگنلڭ «عاقيبتيمز ياخشى بولـ
سون ديسەك بزمركزى حكومتنلڭ امريدن چقماسليقمز لازم. بز
نلڭ بوانقلابيمز، مركزگە قارشى ايمس، بەلكى يرلك ظالملرنى



قـرغـز عثـمان بـاتـور وە اونلڭ
يـولداشـلـرى

آلمدوروش اوچونلر، بعضى برآگلاشيلماو چيلق توغولوب قالما
سون اوچون آلدى بلەن مركزگە اطاعت تليغرامى ايبەرمەك
لازم» دەب كورسەتكەن تكرى بـويچە گينرال تمور 7 نچى آيدا
نەنجيدن مركزى حكومتكە اطاعت تليغرامى ايبەردى. 7 نچى آى
آخريندا مركزدن هم قبول ايتلگەن جواب تليغرام كەلدى. بـو
اورتادا عثمان باتور: «مينى بواشقا آريلاشتورماپسيلر، مركزدن
كەلگەن تليغرامدا مينلڭ اسميم يوق» دەب يمانلاپ تمورنلڭ اطاعة
دن باش تارتيپ عسكرينى الپ تاغقا چيقب آلودو. بو فرصتدن
فايدىلانماقچى بولغان ماجەنسەن قرغزلرنى اوز طرەفيگە تارتب
تمور ايلە عثماننلڭ اورتاسينى بوزوشقا حركت قليدو. بو آريدا

قىرغىزلار شەھەرنى بولاڭ — تالاڭ قىلىپ تاغقا قاچىدۇ. دېمەك بۇ ئىنقىلاب
باشلىقلىرى بىلىمسىز، تەجرىبەسىز بولغانلىقىدىن بۈيۈك بىر ۋەزىپەئۈستىدە
تۇرۇپ ئازغىنە بىر ئىشلاردىن دۆلەتنى ئورتاسىغا بۇزۇلۇپ قالدى. گېنې-
رال تۆمۈر قىرغىزلارغا خاپا بولۇپ ئولارنىڭ ئارقاسىدىن قوغلاپ ماڭماقچى
ئەمر بېرىپ ئۆزى ماشىناغا ئولتۇرۇپ سوقۇش مەيدانىغا چىقىدۇ. بۇ
ئىشدىن بىرنچە كۈن بۇرۇن خواجە نياز ھاجىمدىن كەلگەن بۇيرۇق
بويىچە گېنىرال تۆمۈر، ماجۇڭيىڭدىن باش قوماندانلىق ۋەزىپەسىنى
تاپشۇرۇپ ئالغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ماجۇڭيىڭ گېنىرال تۆمۈرنى
يوقۇتۇش ئىشىغا كىرىشكەن ئىدى. سوقۇش مەيدانىدىن تۆمۈر قايتىپ
كېلىۋاتقاندا، تۇنگان ئەسكەرلىرى يولدا ئۇچرايدۇ. تۆمۈر ماشىنا
نى توختىتىپ، تۇنگان ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقىنى چاقىرتىپ، ئوسمان
نى قوغلاش ئۈچۈن بەرگەن ئەمرنى بەجىرمىگەنلىكى ئۈچۈن سوراق
قىلىدۇ. بۇ ئاندا بۇ تۇنگان ئەسكەرلىرى تۆمۈر باشلىق 5 ئادەمنى
بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ، شۇ كۈنى ماجۇڭيىڭ شەھەرگە كىرىپ ئالىدۇ. بۇ
ۋەقەنى ئاڭلىغان ئوسمان قىرغىز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ تۇنگانلارغا
قاراپ كونا شەھەرگە ھۇجۇم باشلايدۇ. ماجۇڭيىڭ يېڭى شەھەردە مۇھا
سىرە ئىچىدە قالىدۇ. ئورتادىن بىرنچە كۈن ئۆتكەندە، ئوسمان ئىلە
يۈسۈفجان ئورتاسى بۇزۇلىدۇ.

## خوتەن ئىنقىلابى

قۇمۇل ئىنقىلابى كېڭەيىپ تۆرت تەرەپكە سوزۇلۇپ چىققاندا، ۋە ئالتى
شەھەردىكى ئىنقىلابى ھەرىكەت جىددىيلەشكەن كۈنلەردە خوتەن ۋىلايىتىدىمۇ
ئىنقىلاب باشلاندى. 1933 نچى يىلى رامزان ئېيىدا قاراقاش ئالىملىرى
دىن مۇھەممەد ئىمىن داموللام، ئابدۇللاھ مەخدۇم، نۇر ئەھمەد، مۇھەممەد نىياز ئەئلەم
ئاخۇنۇم باشلىق بىر قانچە ئالىملار ئۆز شاگىرد، مۇرىدلىرىنى ئو
يۇشتۇرۇپ، جىڭ شۇ رېن ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىنقىلاب قىلماق ئو
چۈن بىر مەخفى تەشكىلات قۇرۇپ، سوقۇش قورالى ئۈچۈن يوشۇ-
رۇن سۈرەتتە قىلىچ، مىلتىق، پالتۇ، سۇنگۇ تەييارلايدۇ. بۇ مەخفى
ھەرىكەتدىن خەبەر تاپقان شەھەر مەئمۇرى بوۋاشنى ئەلچى دە تۇرغۇچى
تەن داۋ تەي گە مەلۇم قىلىدۇ. تەن داۋ تەي خوتەن تاغلىرىدىكى
كى 50 نەفەر پەھلىۋاننى يىغىپ كېلىپ قاراقاش ھاكىم ئىدارەسىگە توخ
تۇتۇپ قويىدۇ. تەن داۋ تەي باشلىق ھۆكۈمەت مەئمۇرلىرى بومخ

ڧی تشکیلات اویوشتور غان عالملرنی مجلس بار دەب چا قریب
کیریب اولتورمەککە قارار بیریشیدو. تەن داو تەی قا شندا تر
جیمان بولوب تورغان توردی بەگ بو قارار دن خبر تاپیب عالم
لرنی چاقر دیغان کونلن بر کون بورون کیچە سی اوغورلوق
چە سرتقا چیقب عالملرغە «اگر سزلر ئەرتە اگیچە براش قیلماساڭ
لر، همە گزنی یو قو توب تاشلایدو، هوشیار بولوڭلر» دەب تەن
داو تەی نلڭ سیرینی ئەیتیدو. بونی آڭلاغان عالملر چاپان ایچیـ
گە قیلچ، کالتەك تققان حالدا 40نفر شاگردینی باشلاب شهر وە
حاکم ادارەسیگە هجومغا کیریدی. حاکم ادارەسیگە باسیب کیر
گەن عبدالله مخدوم، نور احمد باشلق عالم وە شاگردلر حاکم
باشلق مەئمورلرنی اولتورودو. حاکم ادارەسندەکی 50 قولیوان
قاتناشقان حالدا بتون شهر فتح ایتیلیدو. شول کونی 500 نەقدر
قیدا ئی ایلە ایشان قادیرخان غلامنی گوما یولینی تـوسوەاقا
ماڭدوروددو. الچی طرە فکە هم کوب قیدا ئیلر یو ل
سا لدو.

قەشقەر ماداو تەی نلڭ امری بوییچە چارقالق یولیندا تورماق
او ون گومادن خوتەنگەقاراب کیلیواتقان 400نفر حکومت عسکری یولدا
قیـائیلرغە اوچرایدی. بواورتاداسوقوش باشلانیب حکومت عسکری
مغلوب بولغودو. خوتەندەمونداق زور قوزغولاڭ بولغاننی آڭلاغان
ماداو تەی قەشقەردن خوتەنگە کوب عسکر ماڭدورودو. بو کون
لردە تمور دخی کو چار دا بولوب قەشقەرغە ییتب کەلـ
ـگەن، وە قەشقەر ماداو تەینڭ قولندا ایدی.

شوندن باشلاب خوتەن انقلابچیلری الچی، قەشقەر، یارکند
دن کەلگەن حکومت عسکرلری ایلە سوقوش الب باریدو. ماداو
تەی بو قوزغولاڭنی قورالق کوچ ایلە باستوروب الشقا کوزی
یەتمەی خوتەن انقلابچیلرینی سولح گە چاقریب موّدن جان باش
لق بر قانچە آدامنی وەکیل قیلب خوتەن گە ماڭدورودو. اورتادا
بولغان مذاکرەدن نتیجە چقمایدو. سوقوش اوزلو کسز داوام
ایتب الچی دەکی تەن باشلق 600 دن آرتوق حکومت عسکری تمـ
لم بولودو. الچی، کریە انقلابچیلر نلڭ قولیغا اوتودو.
بواورتادا قومات دیگەن جایدن برآق الم کوتوروب برقانچە قورال

سز خەنسولر وەكيل بولوب خوتەنگە ثابت‌الله حضرت قاشيغا كيلب، «بز 200 آدام، سزگە تسلم بولومز. بزگە تدگمەسنگلر» دەيدو. بو يانغاندن تسلم بولغان حكومت عسكرلری انقلابچيلر نی اوز تاغا قورشاب آليدو. اورتادا قانلق سوقوش باشلانيب 4000 قدر حكومت عسكری اولوب، 60 نفری قاچيب كيتيدو.

## ئوماداقوز غولوش

خوتەن انقلابچيلری خوتەندە غالبيت قازانيب، گوما طرەفكه ماشيقا حاضرلينيب تورغان كونلردە گومانك بيوك عالملرندن عطاءالله حاجم، عبدالجليل حاجملر باش بولغان حالدا بر توركوم فيدائيلر اويوشوب كيچەسی شهرگە هجوم باشلاب دروازەنی بوزوب شهرگە كيريدو. ئەرتەسی ساعت 12 دە حاكم باشاق همەسی تسلم بوليدیغانلیقينی بيلدورودو. فيدائيلر قبول قيلمای هجومينی داوام قيلدوروب تورغاندا، حاكم باشاق 10 نچە كاتتا مەئمورلر بيلە شيغا سەلله اوراب چقيدو. شو آريدا خوتەندن يتكيليب قاچقان حكومت عسكرلری بو سوقوش اوستيگە كيلب قياپ انقلابچيلرگە هجوم باشلايدو. بو تويوقسز هجومدن فيدائيلر زيان چيكيپ سحرالرغە تارالیب كيتيدو. حكومت عسكرلری اسیر توشكەن عبدالجليل حاجمنی اولتورمەك بولغاندا، گوما حاكيمی جاك: «مينك جانيمنی قوتقازغان آدام بول، اگر بو آدام بولميسا، مینی اولتوروب قويار ايدی» دیب عسكرلرنك قولندن قوتقوزوب آلودو. بوجك عسكرلری شهرنی بتونلەی دیگودك قتل عام قيلب مال – ملوكلرنی بولاب – تالاب شهرنی تاشلاب قەشقەرغە يوروب كتيدو.

بو عسكرلر قارغيلقنك اقين ديگەن جايیدا فيدائيلرغە اوچراب قور قوب قاچيب قايتب، گوماغا كيلب حاكم ادارەسندە آمان بالغان حسام‌الدين، عثمان آتلق 2 آدامنی بزگە يارکندگە تاغ آراغی ايلە باريب الشقا يول كورسەت دەب آلديغا سالب قشتەب، آزغان، كاچون تاغلریدن اوتوب 18 كون يول يوروب يارکندگە باريب آلودو.

# قارغالقدا احوال

خوتەن طردفدە انقلابچیلەرنك حركتی كوچلانغان زامانلار دا، قارغالق حاكمی اوز اورنیدا باشقا برآدامنی قویوب اوزی خوتەن سوقوشیغا كەتكەن ایدی. حاكمنك یوقلیقندن فایدیلینب قارغالق خلقی قوزغالماق بولوب تورغاندا، قەشقەرەداوتەی طرەفدن خوتەن اوروشیغا ماڭدورولغان 200 عسكر (بونك ایچندە 100نفر قرغز عسكر بار) قارغالققا كیلب توشودو. بو كونلەر بولسا تەور دخی آقسودا، قەشقەر مداو تەی قولندا بولغان كونلەر ایدی.

بو اور تادا ثابر خان غوجام باشلق بر قانچە یورت كاتتالری، بو كەلگەن قرغز عسكر لرینی اوزطرەفیگە تارتیب، اولار بلەن برگە حكومتكە قارشی چقماققا قارار بیریشب قرغز كاتتا لرندن 2 آدامنی مخفی چاقریب، اولاردن قوراللری ایله انقلابقا قوشولما قینی اوتونودو. بو اوتو نوشكە قرغز كاتتا لەری: « بز بلەن برگە كەلگەن تونگان، خەنسو عسكر لەری بزگە اطاعت قیلمایدو. اولاردن آیریلب سیلەرطرەفكە اوتمەك اوچون یولغا چیقار آلدندا، آلدی - آرقامزغا مخفی آدام قویولسون، یول اوستندە آلدی - آرقامزدن هجوم باشلاڭلار، بز سیلەرگە قارشی سوقوشقان بولوب اوقنی آسمانغا قاراتیب آتایلی، آخری بز قوراللریمز ایله اسیر توشەیلی، بزنی باغلاب آلغان بولوڭلار، اوندن سوڭغی حركتدە سیلەر ایله برگە بولایلی» دیگەن فكرنی كورسیتودو. نتیجەدە بو فكر بوینچە اش اشلەنیب، انقلابچیلەر طرەفكە اوتوب آلغان قرغز كوچلاری ایله برگە قارغالققا هجوم باشلانیدو. انقلابچیلار قارغالقنی اشغال قیلب بولوب، بر قسمی گوما طرەفكە، یانا بر قسمی پوسكام دن اوتوب یاركند دەریاسی بویغا باریب اورونلوشیدو.

# خوتەن انقلابچیلاری نڭ تشکیلی حرکتی

قالغان انقلابنی بر مرکزلـــك اورونغا تاینب توروب داوام قیلدورماقنی لایق تاپقان خوتەن انقلابچیلاری قاراقاشنی مرکزی اورون قیلب، بوندا «دارالعساکر» وه «ملی حکومت» دیگەن نام آستندا واقتلی حکومت تشکیل قیلدی. «دارالعساکر» نلڭ ناظرلیقیغا «امیر حضرت» عنوانی ایله محمد امین داملام «ملی حکومت» ناظرلیقیغا «جلالت» عنوانی ایله محمد نیاز اعلم آخونـــوم سایلاندی. بو حکومت یارکندگه هجوم باشلاشقا قرار بەردی.



خوتەن انقلابی نلڭ یتەك
چیـــسی محمد امین داماـــلام

شو نلڭ ایله برنچی دفعه یوروش قیلب اوردو قوماندانی ثابت‌الله داملام، و تورسون باقی، توردی بەگ حاجم، عشور قاضی آخونوملار 3000 گه قدر فیدائی لەرنی باشلاب یارکندگه یوردی. ایکنچی یوروشکه دارالعساکرنڭ 3نچی معاوینی امیر نور احمدخان، 3نچی یوروشکـــه دارالعساکرنڭ ایکنچی معاوینی امیر عبدالله مخدوم (بو کشیگه بیریلگەن عنوان شاه منصـــور) باش بولغان حالدا کوب فیدائیلەر یولغا چقدی.

بو فیدائیلەر اوردو قوماندانی ثابت‌الله داملامنی شهید بریب بر هجومدا یارکند کهنه شهرنی اشغال قیلیدو و یڭی شهرنی محاصیرەگه آلودو. مانا شو کونلەردە تمور قەشقەرغه کەلگـــەن ایدی. تمور طرەفدن خوتەن انقلابچیلاریغا یاردەمگه ماڭدورولـــغان حافظ توەنجالڭ یارکندەکی بوسوقوش اوستیگه کیلیدو. بولارنڭ بر نچه کون آلدندا: «قمول خواجه نیاز حاجم قاشندن کەلدوق» - دەب 200 توڭگان عسکری کیلب یارکنددەکی فیدائیلەر بلەن برگه بولودو. یڭی شهر دخی النمای قورغان بوکوه

يەردە: «خوتەندىن ثابت داملام چقىبدور» ديگەن خبر آڭلانيب فيـ
دائيلەرنڭ باشلقلارى داملامنڭ استقباليغا چيقب كيتيدور.

بو اورتادا باياقى 200 تونگان عسكرى آت سوغورغالى چقـ
قان چاغلەرندە ناخشا ايتقان بولوب، ناخشاسى آرقالى اوزلاريـ
نڭ ماداوتەى طرفدىن كەلگەنلىكينى و نا علاج انقلابچيلارنڭ
كوزيني بوياب تورغانلىقينى يڭى شهردە قماليب قالغان جلڭ عسـ
كرىگە اوختورودى. بو ايكى طرەف ناخشا آرقالى بر برينى آڭـ
لاشيدو. نتيجەدە بو 200 تونگان عسكرى دەربازەنى آشتوروب يڭى
شهرگە كيريب آلودو. آخرى بو محاصيرە ايچندە قالغان عسكر
لەر «بز ماداوتەى دن ايجازەتسز تسلم بولالمايمز، قەشقەرغـە
كيتيشكە بزگە يول بەرسەڭلار، بز شهرنى بوشوتوب بەرسەك»

دەپ فيدا ئيلەر قاشيغا وە
كيل چيقاريدو. تىلەكى
قبول كورولوب شهرنى
بوشوتوب قەشقەرغە قا
راب يولغا چققان 1.000
غە قلىر جلڭ عسكرى حميە
نڭ ساي غا يەتب بارغاند
دا، فيدائيلەر آرقسىدن
هجوم باشلاب اولارنى قو
رالسزلاندورودى. بوكوب
قورالنى قولغا توشور
گەن انقلابچيلار ياركند



شاه منصـور

گە قايتب كيلب يڭى
شهر، كونە شهرگە
اورونلوشوب آلودو.
ياركند، خوتەن طرفدە
لە جلڭ شورينڭ قوەـ
تى قالميغانلقدن وتمور
قەشقەرغە كيلب توشـ
كەنلكدن ثابت داملام
شاه منصور فيدائيلەر دن
500 نفرنى الب قەشقەردە
كى گينرال تمور قاشيغا
زيارتكە يوروب كيتيدو.

# ماجوڭيي نڭ 2ـــ دفعە چيقيشى

باشدا يازيلغانچە، خواجە نياز حاجم قمولدن چيقب، توربان
دا محمود محيطى ايلە برليشيدو. بولار گوچوڭغا هجوم قيلماقى
اوچون هورى اطرافىداسو قوشوب تورغان كونلەرندە، ماجوڭيي،
موصول حاجمنڭ توربانغا يەتب كەلگينى آڭلانيدو. بو خبر آڭـ
لانغاندن صوڭ، خواجە نياز حاجم، محمود محيطى لار: «بز آلدى
ايلە موصول حاجم ايلە كوروشوب، اونڭدن ماجوڭيينڭ احوالـ
نى سوراب بيلب بر مصلحتكە كەلسەك» ـــ دەپ كوڭ يارغاڭغ

لدیلو. موصول حاجم ایله بوندا کوروشودو. خواجه نیاز حاجم
اووه‌لقی دفعه ماجوڭ‌یی بله‌ن چیقیشالمیغانلیغی اوچون بوندا مـا
جوڭ‌یی دن آیریلش فکرینی اورتاغا آتیلو. نتیجه‌ده مـو صول
حاجمنڭ «دخی جڭ شورین‌نی یوقاتمای توروپ ماجوڭ‌یی دن آی-
ریلساق، یاخشی نتیجه چقماس، همه‌مز بر مسلمان بو لغانلقدن
برلیشب اش قیلساق» ده‌پ کورسه‌تکه‌ن فکری بوینچه، خواجه
نیاز حاجم، محمود محیطی‌له‌ر ماجوڭ‌یی ایله کوروشمه‌ك و اونڭ
بله‌ن برگه گوچوڭغا هجوم قیلماق اوچون موریغا باریلو. بون
دا گوچوڭغا هجومغا حاضرلینب تورغان ماجوڭ‌یی، خواجه نیاز
حاجمدن: «مینڭ عسکرم ارته — اوگون گوچوڭغا هجومغاماڭ
لو. سزله‌ر قایلراق قیلیسزله‌ر» ده‌پ سورایلو. خواجه نیاز حاجم
نڭ: «مه‌نده اوق — دورا آز» ده‌پ به‌رگه‌ن جوابیغا بناءً‌ن مـا
جوڭ یی خواجه نیاز حاجمغا 3.500 دانه اوق بیریلو. نتیجه‌ده
ماجوڭ‌یی گوچوڭغا، خـواجـه نیاز حـاجم جمسارغا هجـوم
باشلایلو.

جمسارده‌کی حکومت عسکرله‌ری «سوقوشمای قورال تاپشور
ساق» ده‌پ خواجه نیاز حاجمغا قورال تاپشورماقچی بولوپ تور
غاندا، گوچوڭغا که‌تکه‌ن ماجوڭ‌یی طره‌فدن ماتوه‌نجاڭ باشلق
برپولك عسکر کیلب جمسارده‌کی 1860 دانه میلتق، ایکی‌مڭ دانه
آتنی تاپشوروب الب حاجمدن خبرسز یاکی حاجمغا به‌رمه‌ی گو
چوڭغا الب که‌تیلو.

«بزگه تیگشلك قورالنی، نیمه اوچون بزگه به‌رمه‌ی الـب
که‌تیلو؟» ده‌پ ماجوڭ‌یی دن خاپا بولغان خواجه نیاز حاجم، ماجوڭ
یی دن کوڭلی آغریغانلیقینی بلدورمه‌ك اوچون گوچوڭدا ما
جوڭ‌یی قاشیدا بولغان موصول حاجمغا آدام ایبه‌ریلو. موصول
حاجم ماجوڭ‌یی نڭ فکرینی بلمه‌ك اوچون: «اینم محمودنڭ عسکری
کوپ، قورالی آز، اونگغا دیوز دانه ملتق ایبه‌رسه‌ك نچوك؟» ده‌پ او
نگدن قورال سورایلو. ماجوڭ‌یی: «خواجه نیازغا بیریلیغان قو
رال یوقا، محمودغا بیره‌ی» ده‌پ بریوز دانه کیره‌کسز ملتقنی
بیریلو.

بو احوالنى بيلگەنلەن سوڭ، «ما جوڭ يى نىڭ سوقوش ب
لاش آلدىدا هر ايكى طرەف قولغا توشورگەن قورالنى تەڭ بو
لوشەمز» دەب توزوشكەن توختامغا خلاف اش قيلغانينى نظرد
توتوب خواجە نياز حاجم، محمود محيطى لەر شو كوندن باشلاب
ماجوڭ يىدن علاقەنى اوزودو.

# 2 — باب: شڭ شى سەى دورى

## اوروم چيدە ييڭى حكومت

اوروم چيدن باشقا همە جاى انقلابچيلار قوليغا اوتدى. ايلى،
چوچەك طرەفدە جڭ شورين نىڭ آز - تولا تأثيرى قالغان بولسە
هم، امما حاكميتنى ساقلاب قاليشقا هيچ امكانيت قالماغان ايدى.
ماجوڭ يى نىڭ گوچوڭغا هجومى، اوروم چينى زور خوف آستندا
قالدوردى. اوروم چيدە كى خەنسولەر طرەفدن وحكومتنىڭ تركيبي-
دەكى مهم آدملاردن جڭ شورين نىڭ چارەسزليقيغا نارا ضيلق تو
غولدو. اچكى طرەفدن جڭ شورين نى اورنيدن توشوروب، سرت
قى خوفنى بوشوتوش پلانى باشلانيلدو.

بو اورتادا اطرافدن قاچيب كەلگەن بولوب، اوروم چيدە آدام
سانى كوپيوب، بازار بهاسى اورلەب، قحطچيلك باشلانيلدو. شو
كونلەردە جڭ شورين نىڭ اينيسى جڭ شوشن بتون آشلقنى ييغب
آلب قمت بهادا خلقغە ساتيب پول توپلاشقا كريشيلدو. روس عسكرى
نىڭ باشليغى آنتينوف عسكر اوچون جڭ دن آشلق سورايلدو. جڭ
شوشين رەد قيلب بەرمەيلدو. آنتينوف بو اش اوچون جڭ غا خاپا بولودو.
اچكى طرەفدن تاومين يو، چڭ جوڭ، جاڭ شڭ لار جڭ غا نارا ضيلق
پيدا قيليلدو.

كم نىڭ پلانى، كم نىڭ كورسەتمەسيلر كى؛ اوروم چى نەن گوەن
دەتورغان 4 يوزگە قدر روس عسكرى 4 — آى 12 — كونى اول
كولوك حكومت بيناسيغا هجوم باشلايلدو. كوتمەگەن جايدن بو
غان بو تويوقسز هجومدن چوچوگەن جڭ شورين اوز اورنينى
اشلاب مناس طرەفكە قاچيلدو.

شو كونى كەچلە روس عسكرىنىڭ باشلىغى پاڭگودنىڭ چاقر
وى آرقاسىدا مذكور روس عسكرى شتابىدا مجلس آچىلىب، جىڭ
شورىندىن قالغان حكومتنى اداره قىلماق اوچون بر واقتلى هيئت
تشكيل قىلىنىدو؛ وشو مجلسده مذكور هيئتگە معارف ناظرى لو
ونلوڭ رئيس؛ يانا بر تشكيل بولغان حربى هيئتگە شرقى —
شمالدىن كەلگەن عسكرلەرنىڭ باشلىغى دىڭچاڭ مدير بولوب سايـ
لانىدو. شونىڭ بلەن بر گە بو هيئت طرەفىدىن برىنچى بتون اولكو
دىكى هر بر ملتنىڭ مال — ملكى، حاتىنى محافظت قىلىش؛ ايكنـ
چى جىڭشورىننىڭ حياتى، مال — ملكىگە تەگمەسلىك؛ 3نچى سە
ويت كونسولخانەسىنى محافظت قىلىش دېگەن 3 قارار قبول قىلىنىدو.

شو كونلەردە شىڭشىسەى عسكرىنى باشلاب اورومچىگە كېلىب
قالدى. شىڭشىسەى «واى مڭا بر چوڭ منصب تعين قىلمادى» دەب
خاپا بولوب جىڭشورىن طردف بولوب قالىشىدىن اندىشە قىلغان بو
واقتلى هيئت، شىڭشىسەيـگە برمنصب تعين قىلماق اوچون 14-
آپرىل كونى فرقە بىناسىدا بر مجلس اوتكوزدى. بو مجلسدە
شىڭشىسەيگە دوبەن (چېگرا مدافعە قوماندانى) لىك منصب تعين
قىلىنغاندىن تاشقرى لوونلوڭ، لىروڭ، ڭاومىنيو، چىڭجوڭ، چىڭ
دەلى، لى شاوتەن، گاملىگىن، پاڭگود، شىڭشىسەى، جاڭڤىيودن،
جاڭشىڭ، جاڭمىنيوەن، نزەر (قمول واڭى)، حسين باى، منصور،
عبدالقادىر، اوجوڭتڭ، داموديڭچارس، جاوگولەڭ، ماڭشاڭ، آباو،
توغباو، گواڭلو بولوب 44 نفر آدام واقتلى اولكولوك حكومتنىڭ
اعضاسى بولوب بەلگولەندى. وبو واقتلى حكومت طرەفىدىن برىنچى
سياستدە، اقتصاددا، معارفدا هر بر ملتكە برابر حقوق بېرىلىدو.
ايكنچى، ملت اعتبارىغا قاراماى سايلام وامتحان قانونى بويىنچە
هر بر ملت حكومت خذمتىگە قاتناشتورولودو. 3نچى خارجى حقوق
مركزى حكومت قولىدا تاپشورولودو؛ 4نچى يېزا اقتصادينى ياخـ
شىلاماق اوچون دهقانلارغا ياردم بېرىلىدو — دېگەنلىك 10 ماددالق
برسياسى پروگراما اعلان ايتىلىدو.

جىڭشورىن هيچ كيمدىن فنا وياردم تاپالماى 24نچى آپريـل
كونى چوچەك آرقالى سەويت توپراغى ايلەتيەن جىن گە بارىب آلودو.

بو کونلەردە ماجولڭ یی گوچوڭغا کوچلوك هجوم قیلب تور
غان کونلەر بولغانلقدن شنڭشی سەی 1000 غە قدر روس عسکری
نی قوشوب 4000 عسکر ایلە ماجولڭ یی غا مدافیعە کورەەك اوچون
26نچی مای کونی گوچوڭغا یوروب کیتیدو. نتیجەدە یکیلب برنچی
ایون کونی اورومچیگە قایتیب کیلیدو. 2نچی ایون کونی سلح
سوراب کەلگەن تلغرامغا بنائەن شنڭشی سەی اورومچیدن ماجولڭ
یی قاشیغا حسین بای چانیشف، تورسون بابا، کرم خان، چاڭدەلی 4—5
کیشینی وکیل قیلب ماڭدورودو.

بو کونلەردە باشدا یازیلغانچە ماجولڭ یی، اوزیدن کوڭلی قال
غان خواجە نیاز حاجمنڭ اورومچیدە قورولغان یاڭی حکومتدن
خبر تاپیب، بو حکومت ایلە برلەشمەك قارارینی، بەرگەنینی بیلگەنمو،
اشنڭ آلدینی آلماق اوچون اورتادا صحبت وتکوزمەکنی طلب قیلب
شنڭشی سەی گە تلغرام سونغان ایدی. بو بارغان وەکیللەر ماجولڭ
یی ایلە کوروشوب مدا کیرە یور گوزوب، قایتشیدا اولارنڭ فکری
نی بیلمەك اوچون خواجە نیاز حاجم، محمود محیطی لەر ایلە کو
روشوب، اولارنڭ فکرینی، مقصدینی آڭلاب اورومچیگە قایتیب
کیلیدو. وکورگەن -بیلگەنینی شنڭشی سەی گە آڭلاتیدو.

ماجولڭ یی ایلە خواجە نیاز حاجم اورتاسی بوزولغانینی بو وکیللەردن
آڭلاغان شنڭشی سەی «ماجولڭ یی غا قاراغاندا، خواجە نیاز حا
جینی تورغا توشورمەك آسان» دەب بیلب 2نچی نوبتدە حسین بای،
تورسون بابا، چاڭدەلی لەرنی خواجە نیاز قاشیغە وکیل قیلب ماڭ
دوریدو. بو قیتم بو وکیللەر ایلە خواجە نیاز حاجم «قمولدن قەش
قەرغیچە بولغان جنوبی بر بولك جای تورك انقلابچیلە ری ادارە
سی آستندا بولوش، تیەنشەننڭ شمالدن خەنسولەر جنوبقا تجا
ووز قلماسلق، خواجە نیاز حاجمغە جنوبنڭ بتون ملکی، حربی
ادارە حقوقینی بریش، خواجە نیاز حاجی ماجولڭ یی دن قطعی آی
ریلب چیقش» دیگەن مضموندا بر توختامغا کلدو. بو توختامنی
شنڭشی سەی هم قبول کورودو. خواجە نیاز حاجمنڭ «بو توختام
انا بتلك اشەنچلك بولسون اوچون چت ال آدیمی شاهد بولوب بر گە
امضا قویسون» دیگەن طلبیگە بنائەن تورکچە، خنسوچە، روسچە
3 تلدا یازیلغان بو توختامغا سەوبت کونسولی هم بر گە امضا قو

يۈردى. بۇ تۈختام بويىچە خواجەنىياز ھاجىم ھكومەت ايلە بولغان
سوقۇشىنى توختاتىپ، ماجۇڭ يىڭنى گوچو ئۇلا تاشلاپ اوز عسكرى ايلە جەنۇبقا (آلتى شەھەرگە) قاراپ يۈتكولۇدو.

## مەركزدىن كەلگەن تەسلى ھيئتى وشىڭ شى سەي

6 — آينىڭ 10 — كۈنى شىڭشى سەي وكىلى جاوگو لەڭ، تۇڭ باولەر ماجۇڭيى وكىلى ياڭپى چىڭ ايلە، اورتادا تۈزۈلمەك بولغان بىتىم شەرطلەرىنى الىپ گوچوڭغا قاراپ ماڭماق بولۇپ تۇرغان كۈنلەردە، شەرقى تۈركستان مسئلەسىنى تۈشۈنمەك و اونى حەل قىلماق اوچۈن مەركز حكومتىدىن خواڭ موسۇڭ، عيسى بەگ افندىلەر وكيل بولۇپ اورومچىگە كەلدى. بو كەلگەن وكيللەرگە لووەن اولۇڭ طرەفىدىن بوقوزغولاڭنىڭ اوتموشى، وماجۇڭ يى ايلە تۈزۈلەچەك وختامنىڭ شەرطلەرى حقىدە داكلاد بېرىلدى.

بو كۈنلەردە ماجۇڭ يى بىر طرەفىدىن تىنچلىق بىتىم تۈزمەك اوچۈن تىيكىل كىرگۈزۈپ تۇرغان بولسىمۇ، ينە بىر طرەفىدىن اورومچىنى نىشانغا الىپ قاتتىق ھجوم باشلاپ تۇرغانلقىدىن ياڭى تشكيل بولغان حكومت اربابلەرى ماجۇڭ يىدىن اومىدنى اوزوپ، مەركزدىن كەلگەن وكيللەرگە «دوبەنلىك اورونىنى يوق قىلىپ، بىر حربى ھيئت تۈزسەك، بونىڭغا ھەر بىر ملت قاتناشتۇرولسا، رەئيس لووەن لوڭ بىرىنچى قالغان آدەم، اونىڭ اورنىغا بىر ياخشىراق آدەم سايلاساق» دىگەن فكرنى كۈرسەتىدو. بو فكرنى ياقتۇرماغان شىڭشى سەي، بونى اوزىنى بىرتانىپ قويماق ويا كى مەركزدىن كەلگەن وكيللەر ايلە حكومت اربابلەرىنىڭ مناسبتىنى كەسمەك اوچۈن «مىنىڭ اورنۇمنى خواڭ موسۇڭغا الىپ بېرەرمىش، مىڭا سوءقصد قىلماق بولغامش» دىگەن بوھتان ايلە اولكەلىك حكومت كاتىبى تاۋمىڭ يو، حربى محكمە مصلحتچىسى چىڭ جوڭ، آيروپلان خانە باشلىغى لى شاوتەنلەرنى آتىپ اولتۈردى. قالغان حكومت اعضالەرىنى، «دوبەنلىككە شىڭشى سەينى، رەئيسلىككە لووەن لوڭنى سايلادوق» دەپ خواڭ موسۇڭ آرقالى مەركزدىن تصديق قىلدۇرماققا مجبور قىلدى.

بو كۈنلەردە مەركزدىن كەلگەن وكيللەر ايلە شىڭشى سەينىڭ ورتاسى بوزولودو. شىڭشى سەي مەركز وكيلى خواڭ موسۇڭ، عيسى

بەگ افندینی قاتتق نظارت آستیغا آلودو. بو اورتادا عیسی بەگ
افندی امکانیت تاپقانچە اوروەچیلەکی آگلق زیالیلەر ایلەکو
روشوب یورت مسئلەسی حقدە مذاکیرە یورگوزودو. کوپ آگ
لق زیالیلەر عیسی بەگ افندیگە «شنگشی‌سەیدن اومید یوقلغی
نی، شنگشی‌سەینڭ دوبەنلك اورنیغی مرکزدن تصدیق اتدور مەس
لکنڭ چارەسینی کوروش لازملقینی، بوحقدە عیسی بەگ افندی
نڭ مرکزگە باریب چالشماقینی» تەوصیە قلیدی.
نتیجەدە خوالشموسلڭ، عیسی بەگ افندی ملڭ برمشقت اچیدە
آیروپلانغا اولتوروب نەنجنگە یوروب کتیدو.

# عیسی بگ افندینڭ یورت اوچون داخلدا الیپ بارغان انقلابی حرکتی

عیسی بگ افندی کم؟ قایداق قیلیپ خوالشموسلڭ ایلە او روەچیگە
چقیپ قالدی؟ نیمە اش قلیەن دەپ داخلغا بارغان یورت اوچون
انقلابی خزمتنی اوز یورتیدا قلمای نیمە اوچون داخلغا باریب قیل
دی، بونڭ سببی نیمە؟

عیسی بگ افندی بولسا، قەشقەر یڭی حصار ناحیەسیدە تو
غولوب یاش چاغلەرینی شوندا اوتکوزگەن برآدەم، شودەورندە
یڭی حصاردا بولوب تورغان چریکلك، تەگسزلك، حقسزلق احوال
لەر، توغمازیرە کلیکیلیندو — عیسی بگ افندیگە ناتوغری بو
لوب سیزیلیدو. اونڭ اصلاحی اوچون اوزینڭ اقتدا ری، تا پالا
غان چارەسی ایلە حرکتکە کرشکەن بولسیمو، امما اوزینڭ یاش
لقی، یالغوزلقی، و بوخل اسکیلکلەرنڭ اوزوندن یلتز تارتیب
کەتکەنلیکیدن موەففقیەتسزلککە اوچراشدن تاشقری کوپ حقا
رتکە، هجومغا دوچار بولودو.

اسکیلکلەرگە کوز یومەب تورسا، وجدانی عذابلانغانلقیدن
اونوڭ اصلاحی اوچون بیرەر حرکتکە کیریشمکچی بولسا، امکان
بیریلمیگەنلکیدن چارە توشونمەك، دنیانی آگلاماق اوچون قولغا
کەلتورگەن برفرصتیدن فایدیلانیب 19 یاشیدا غربی تورکستان
غاچیقیب کیتیدو. اوندا برنچەیل تورغان زمانلەرندا، شرقی تور
کستانغا نسبتا کوب آلغا کتکەن غربی تورکستاندەکی ملتچی،
انقلابچی ومنورضیالیلارنڭ اورتاغا چیقارغان تورلی ایقیملەری ای-

له تانیشیدو، کوزی آچیلیب دنیانی تانیدو. عنابقا سالغان اونده
کی مسئله، یالغوز یکی حصار مسئلهسی امهس، بو بر عمومی تور
کستان مسئلهسی ایکهنینی ویکی حصارده کیدک اوشاق مسئله
لارنی حهل قیلماق اوچون عمومی برچوك مسئلهنی حهل قیلماق
لازملیقینی آڭلایدو.

آخری بو مسئلهنی حل قیلماق اوچون برنشانه وبونڭ وجودقا
چقماقی اوچون براوصول استهیدو. نشانه، بریوللا آیریلشمو،
یاکی کیشهندن پوت — قولنی برآز بوشاتیش بولسونمو، اگر
آلدنقی نیشانهگه یهتمهك توغری کهلسه، اوز کوچیمزغا سویون
مزمو، یاکی باشقالارنڭ کوچیگه، باشقاغا سویونگهندهکمگه،
نتیجه نیمه بیریدو؟ اگر کیینکی نشانهگه یهتمهك توغری کهلسه،
بونی قایسی اوصول ایله قولغا کهلتوریمز، قان توکوش اوصو
لی ایلهمو، بونڭ اوچون قان توکوشکه ئهرزمدو دیگهن مسئله
لهر اوستنده کوب اویلانیب، نتیجهده منور عرقداشلارنڭ مصلحتی
نی کوروب، تاریخی تجربه، یورتنڭ جغرافیه محطینی اعتبار
غا الب کیینکی نشانه (ملی مختاریات) گه، بونڭغا یهتمهك او
چون تداوی اوصولیغا قرار بیریدو.

بونڭ اوچون عیسی بهگ افندینڭ اندیجاندا بولغان کونلهری
چین کونسولی آرقالی جلڭشورینغا قاریتا؛ برنچی نوبت مرکز
نهنجینگه بارغاندا، مرکزگه قاریتا یورتدهکی سیاستنی تیگش
تورمهك اوچون الب بارغان حرکتی تورکستان حکومتینڭ قاراليغ
غندن، مرکزنڭ مسئلهنی آڭلاب یتالمیغانلقدن موافقیتسزلککه
اوچرایدو.

ایلیغا کهلگهن کونلهری، ایلیدا بولغان آڭلی منورملتچی
لاردن بولغان مسعود صبری، حسینبای کبی کشیلهرنڭ توصیه
سی ایله 1932 نچی یلی 25 یاشنندا 2 نچی نوبت مرکز نهنجن
گه باریدو. مرکزگه بارغان کوندن اعتبارهن یورت مسئلهسینی
آرزو تیلهکلهرینی مرکز کاتتالهریغا آڭلاتماققا کیریشیدو. اما
مرکزنڭ قولی بوش بولمیغانلقدن وبو تیلهك آرزولهر یالغوز عیسی
بهگ افندینڭ آغزیندن چققانلقدن مرکز اوقدر اهمیت بهرمهی
دو. بونڭ اوستیگه جلڭشورین نهنجینده کی اوزینڭ طرهفدار

لەري آرقالى «عيسى بولسا كامونيست» دەپ قاتتق قار شيلق كورسوتيلدو.

بواورتادا عيسى بەگ افندينىڭ «اگر مركز بومسئلەگەاهـميتسز قارار ايكەن، كەلگوسندە زور انقلاب چيقيدو، يورت زور خوف آستندا قاليدو» دەب بيان قيلغان سورلەزينى راستقا چيقاريب يورتدا زور انقلاب باشلانيدو. مسئلە بارغانسرى اغرليشيدو. توركستان مسئلەسى مركزنىڭ دقتينى جلب اتكەنلكدن، عيسى بەگ افندينىڭ سوزلەرى بربر كيلە ياتقانلقدن توبرنرسە بيايدىغان آدام اوخشايدو ديگەنمو توركستان مسئلەسينى حل قيلماق اوچون خوالدەوسلكغا قوشوب عيسى بەگ افنديني اوروەچيگە چيقاريدو.

بوقاتيم عيسى بەگ افندى اوروەچيدن قايتب مركزگە بارغاندن باشلاب شلڭشى سەى نىڭ دوبەنلك اورنيني تصديق اتدور مەيسلك اوچون قاتتق كوردش الب باريدو. بويورت دعواسى اوچون يالغوز برآغزنىڭ كافى كەلمەسليكيني نظرگە الب «چيني وزكستان آوازى» ناملى برچينچە، توركچە مجموعە چيقاريب، ونىڭ آرقالى شلڭنىڭ تورلى خيانت، جنايتلەريني اعلان قيليدو. توركستان انقلابچيلەريغە تورلى توصيەلەرده بولو نودو. توركستان مسئلەسيني حل قيلش چارەلەرى حقندە مركزگە تيلەك بيان قيليدو.

بوكونلەردە قوغلانغان جلڭشورين نەنجينگە كيليدو. ئـەن جندە جلڭشورين اوز طرفدارلەرى آرقالى توركستاندا شلڭشى سەى خلق نامندن عرض يازيش اوصولى ايلە «عيسى جهانگر قويروغى يمان آدام» دەپ غزيتەلەرگە يازيب قاتتق قارشيلق الب باريدو. بونىڭ سرتندا عيسى بەگ افندم قاشندا بولغان برتوركستانلق يورتداشيني ساتيب الب، «عيسى جهانگير قويروغى، استقلالچى» دەپ مركز ادارەلەريگە عرض يازدورتودو. عيسى بەگ افنديني ذخى تولوق توشونوب كيتالميغان مركزى حكومت، عيسى بەگ افنديني حربى، ملكى سودقا تاپشورودو، خلمتلدن بوشوتودو. مجموعەسيني قاپاتيدو. آخرى بعضى بر حكومت كاتتالەرى نىڭ ياردمى وباشقابەيبلەر آرقاسندا سوددن قوتولودو.

بو كونلەردە عيسى بەگ ئەفەندى بەك سقىلىپدو، قاقىلىپدو. شو
لداق بولسىمو، حەركىتىدىن قالماي لانجو، دونخوالڭ، هندستان
قاتارلى جايلاردىن قاقىلىب، سوقۇلوب يورگەن توركستانلىق يا
للارنى ئالدو روب تو پلاپ او قوتو دو، مكتبلەر. گەكىرگو زودو
اورتادا چىن» ياپون سوقوشى باشلانيب، مركزى حكومە
چوڭچىلىڭغا يوتكولودو. عيسى بەگ ئەفەندى بوروون قاپالغان «چىنى
توركستان آوازى» ناملى مجموعە اورنىغا چـوڭ چىڭدا «اوروشر
خبرى» ناملى مجموعە چىقاريب يانا بورونقى حركتيگە مشغول بولودو

# شڭشى سەي بلەن ماجوڭيى اورتاسىدا بولغان

# كوروش

باشدا ايتيلغانچە، مركز وكيلى خوانڭ موسڭ، عيسى بەگلەر
قايتيب كەتكەندىن صوڭ، 8 نچى آيدا ماجوڭيى گوچوڭدا تو
روپ تنچلىق توختام توزوەككە يانا وكيل كىرگوزودو. بونڭدىن
نتيجە چقمايدو. بو كونلەردە ماشى مىن كوچ تاپيب قاراشەرنـى
خواجە نيازحاجىمدىن تارتيب الب، كورلىغا قدر ييتيب باريدو. شڭ
شى سەي نڭ «اگر مىنڭ دوبەنلىك اورنومنى تصديق قيلماساڭلەر،
بويورتىنى باشقالارغا بريب تاشلايمەن» دەب قستاب تكرار تليغرام
ايبەريشى آرقاسىدا، مركز حكومت ناعلاج شڭشى سەي نڭ اورنىنى
قبول قيلىدو. مركزدن تصلى هيئتى صفتيدە 2 نچى نوبت خارجى
اشلەر وزيرى — لوون گوەن؛ 9 نچى آى نڭ 2نچى كـونى او
رومچىگە چقيدو. لوون گوەن، ماجوڭيى ايلە صحبت اوتكوزەك
چى بولوب لى روڭ وماجوڭيى نڭ اورومچيدەكى وكيلىنى الب 9نچى
كونى توپانغا توشودو. ماجوڭيى داغ — دوغا ايلە قارشى آلو
دو. مندا كيرەدن صوڭ، ماجوڭيى مركز حكومتكە قطعى بوى
سونو ديغانلىقىغا، سوقوشنى توختوتوب تنچلق ساقلايديغانلىقىغا
وعدە بيريدو. ماجوڭيى غا شرقى يول جنوبى سيلكلق وظيفە قاپـ
شورولودو.

لوون گوەن اورومچيگە قايتيب كەلگەندىن صوڭ، «ماجوڭيى
ايلە لوون گوەن برلىشيب براش چيقاريب قويماسون» دەب گمان

بو كونلەردە عيسى بەگ افندى بەك سقيليدو، قائيليدو. شوان
داق بولسيمو، حركتيدن قالماى لانجو، دونخوانگ، هندستان قا
تارلى جايلاردن قاقيليب، سوقۇلوب يورگەن توركستانلىق ياش
لارنى آلىب روب تو پلاب او قوتودو، مكتبلەرگە كرگوزودو.

اورتادا چين- ياپون سوقوشى باشلانيب، مركزى حكومت چوڭ چڭغا يوتكولودو. عيسى بەگ افندى بورون قاپالغان «چينى توركستان آوازى» ناملى مجموعه اورنىغا چوڭ چڭدا «اوروش خبرى» ناملى مجموعه چيقاريب يانا بورونقى حركتيگە مشغول بولودو.

## شڭ شى سەي بلەن ماجوڭيى اورتاسندا بولغان كورش

باشدا ايتيلغانچە، مركز وكيلى خوانگ موسڭ، عيسى بەگلەر قايتيب كەتكەندن صوڭ، 8 نچى آيدا ماجوڭيى گوچوڭدا تو روپ تنچلق توختام توزومككە يانا وكيل كرگوزودو. بونڭدن نتيجە چقمايدو. بو كونلردە ماشى مين كوچ تاپيب قاراشەرنى خواجە نياز حاجىدن تارتيب الب، كورليغا قدر ييتيب باريدو. شڭ شى سەي نڭ «اگر مينڭ دوبەنلك اورنومنى تصديق قيلماساڭلەر، بويورتنى باشقالارغا بريب تاشلايمەن» دەب قستاب تكرار تليغرام ايبەريشى آرقاسندا، مركز حكومت ناعلاج شڭ شى سەي نڭ اورنىنى قبول قيليدو. مركزدن تصلى هيئتى صفتيدە 2 نچى نوبت خارجى اشلەر وزيرى — لوون گوەن؛ 9 نچى آى نڭ 2 نچى كونى اوروموچيگە چقيدو. لوون گوەن، ماجوڭيى ايلە صحبت اوتكوزمكچى بولوب لي روڭ وماجوڭيى نڭ اوروموچيدەكى وكيلىنى الب 9 نچى كونى تورپانغا توشودو. ماجوڭيى داغ — دوغا ايلە قارشى آلودو. مندا كيرەدن صوڭ، ماجوڭيى مركز حكومتكە قطعى بويسونو ديغانلىقيغا، سوقوشنى توختوتوب تنچلق ساقلايدىغانلىقيغا وعدە بيريدو. ماجوڭيىغا شرقى يول جنوبى سيلكلق وظيفە قاپ— شورولودو.

لوون گوەن اوروموچيگە قايتيب كەلگەندن صوڭ، «ماجوڭيى ايلە لوون گوەن برليشب براش چيقاريب قويماسون» دەب گمان

لانغان شىڭشىسەي: «ماجۇڭيىدا بىرلىشىش دىگەن نىيەت يوق، بىزنى آلدايدۇ» دەپ تۇرپاندا بولغان توختامنى بوزۇپ تاشلايدۇ. لوۋون گوڭخەي شىڭنىڭ آلدىدا ھەقۇقسىز ئىتتىپ نەنجىڭگە قايتىپ كىتىدۇ.

بۇ كۈنلەردە ماجۇڭيى تۇرپان، پىچان، قاراشەھەر، باركۆل قاتارلى جايلارنى قولىدا تۇتۇپ، ئونمىڭ عسكر توزۇپ، بىر بولۇم عسكرىنى ماخىيىڭنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا ئالتايغا ماڭدۇرۇدۇ. يەنە بىر طرەفتىن غولجىدە تۇرغان جاڭ پىيۈەن ئىلە مخفى علاقە تۇزۇپ اوروچىگە ھجوم قىلماقچى حاضرلىنىدۇ. نتيجەدە 9نچى ئاينىڭ 20 — كونى ماجۇڭيى اوروچىگە ھجوم باشلايدۇ. سوقوشدا شىڭ مغلوب بولودۇ. مانجورىيە (شرقى — شمال)دن كەلگەن عسكرلەر سوقۇشدا اونچە فعاليت كورسەتمەيدۇ. بو سببدن «بولارنىڭ ماجوڭيى ئىلە نيتى بىر بولسا كىرەك، شۇنىڭ اوچون اوبدان سوقوشوب بەرمەيدى» دەپ گمان قىلغان شىڭشىسەي مانجورىيەدن كەلگەن عسكرلەرنىڭ باشلىغى روڭچىڭ، يىڭ جەنۇن، سوگو قاتارلى باشلىقلاردن 20 آدامنى قماققا آلودو.

آلتاينى قولغا آلغان ماخىيىڭ چوچەك، مناس قاتارلى جايلەرنى قولغا تۇشۇروپ، داۋانچىڭدن اوروچىگە ھجوم قىلغان ماجوڭيى ئىلە بىرلىشمەكچى بولۇشىدۇ. ئىلى دن جاڭ پىيۈەن عسكرينى باشلاپ اوروچىگە قاراپ شىڭشىسەيگە قارشى ھجوم باشلايدۇ. دىمەك شىڭشىسەي 4 طرەفدن محاصرە ئىچىدە قالىدۇ.

1934 نچى يىلى 1 — آينىڭ 12 — كونى، ماجوڭيى اوروچى شەھرىگە باسىپ كىرىپ نەنگوەن بازارى، آيروپلانخانە، رادىئوخانە قاتارلى جايلارنى اشغال قىلدى. شىڭشىسەي بو خوفلىك كونلەردە چەت ئەلدن ياردم كەلتورودو. چوچەك طرەفدن اوچوپ كىلگەن آيروپلانلەر ھەر كونى اوروچى اوستىدە اوچوپ يوروپ، ماجوڭيى عسكرينى بومبا، پولىموتقا تۇتۇدۇر. اوروچى بىر آي قدر محاصرە ئىچىدە قالغان بولسىمۇ، امما چوچەك طرەفدن كەلگەن نامعلوم روس عسكرلەرى جاڭ پىيۈەننى يوق قىلىپ سانجىدن تارتىپ ماجوڭيى ئىلە سوقوش باشلايدۇ. بولەرگە ھەوادن آيروپلان ياردم قىلىدۇ. نتيجەدە ماجوڭيى مغلوب بولوپ داۋانچىڭ

قاچكینیدو. شڭشی‌سه‌ی مناس، قوتوبی، سانجی‌دا اولتوروشـ
ـوقی بی‌گناه تونگانلاه‌رنی قتل‌عام قیلدوروب، خاتون — قز و
10 یاشدن یوقاری ار لاه‌رنی کچه‌سی اوییگه کیریب اولتورگوزوب
تاشلایدو. ماجوڭیی شومغلوب بولغانچه قه‌شقه‌رغه چـیـكینب
باریدو.

## خواجه نیاز حاجم ناڭ جنوبقا یـــوروشی

خواجه‌نیازحاجم‌قزل‌خواجه‌تاغندا‌توروب، شڭشی‌سه‌ی‌ایله‌پوتو
شوب توختام توزگه‌ندن صوڭره، ماجوڭیی ایله‌شڭشی‌سه‌ی نی
اوروموچی طره‌فده تاشلاب، قه‌شقه‌رغه اوتوب كه‌تمه‌ك بولوب‌توڧ
سوزغا قاراب ماڭغاندا، ماجوڭیی‌نڭ عسكرلاری قوغلوشوب‌كیلب
توختاب سوقوشیدو. برطره‌فدن سوقوشوب، برطره‌فدن سفرینی
داوام‌ائدوروب، قاراشه‌رگه باریب آلودو. بوكونله‌رده كوچاروا‌ڭی
محفوظ به‌گ‌قاراشه‌رگه كیلب، حاجم‌ایله‌كوروشوب «كوچاراطرافینی
مه‌ن اوزوم آلدم، موشو 15ناحیه‌گه مینی باشلق قیلب بلگولیمیـ
سه، حاجم‌غا اطاعت قیلمایمه‌ن، باش اگیم‌ده توروب الب، هیچ‌كه
خی‌اوتكوزمه‌یمه‌ن» دیگه‌ن مسئله‌نی ارتاغا تاشلایدو. حاجم بـــو
كشیگه: «حاضرمه‌ن پالان جایغاچوڭ بولیمه‌ن‌ده‌ب منصب تالاشیدیـ
غان‌وقت امه‌س، آلدیمزدا كوب اش بار» ده‌ب‌نصیحت قیلسامو، بو
آدام جاهیللق قیلب توروب آلغانلقدن، آخری اچكی‌اختلاف‌چقب
قالماسون ده‌ب‌حاجم بوكشینڭ قولیغا «سز 15ناحیه‌نڭ خواجه‌سی»
ده‌ب خط قیلب بیریدو. خواجه‌نیازحاجم‌قاراشه‌رده برآی‌توروب، آقسو
ده‌كی انقلابچی اسمائیل بای‌آخونغا، قه‌شقه‌رده‌كی گینرال‌تمور
گه خط یوزیبه یول — یوروق كورسوتوب تورودو. بواورتـــادا
محمودمحیطی‌تورپانغا توشوب برنوبت ماجوڭیی عسكری‌ایله سو
قوشوب مغلوب بولوب قایتیدو. حاجم قاراشهردن یكی حصارغه
یوتكه‌لگه‌ندن صوڭره، محمود محیطی ایله تونگان عسكرله‌ری
اورتاسندا باش اگیم دیگه‌ن جایدا قاتتق سوقوش بولودو. ایكـ
كی‌طره‌فدن كوب‌آدام چیقم‌بولودو. حاجم‌نڭ عسكرله‌ری قارایول
هونهاییتب بارغاندا، اسمائیل‌بای آقسودن عسكرینی باشلاب كیلب
بولاوغا قوشولیدو. هاجم ایله اسمائیل بای‌لار برتاغ اوستنده‌تور
غانلدا، غاییدن براوق كیلب اسمائیل بای‌غا تیگیدو. آقسوانقلابچـ

دا كوپ كوچ كورسه‌تكه‌ن بو آدام بوندا شهيد بولودو. بو اوقنىڭ اچكى آداملەرىدىن چىققانى ياكى چەتتىن كەلگەنى معلوم بولمايدو.
بو واقعەدىن صوڭره، حاجملار اوچطورپانغا يوتكولوپ بوجاي دا تورۇپ مال اوتكوزوپ چەت دولتدىن قورال ساتيب آلودو.

## قەشقەردە «شرقي توركستان جمهوريتى» نىڭ قورولوشى

خواجه نياز حاجم اوچطورپانغا كيلىپ تورغان كونلەردە، تمور اولتو رولگەدىن صوڭ اونوڭ قاماغىدىن چىققان ثابت داملا قەشقەر كهنه شهرنى ماجەن سەدىن تارتيب آلودو. ثابت داملا بولسا، خوتەن، ياركەندە



جمهوريتىنىڭ دولت تامغاسى

اشغال قيلىنغاندىن صوڭره، گينرال تمورنى زيارت اتمەك بولوپ قەشقەرگە كەلگەندە، فكر، مسله كىدە كىلشالميغانلىقىدىن تمور طرفىدىن قامالغان ايدى. تمور اولگەندىن صوڭ آزاد بولودو.

بو وقتقا قدر يعنى قمولدا انقلاب چىققاندىن باشلاپ شو كونگە كەلگونچه بو انقلابچىلار طرفىدىن بر رسمى تشكيل ياكى بر حكومت اورنى قورولميغان ايدى. بر مركزلك ادارەسىنىڭ يوقليقىدىن كوپ زيان چەككەن ايدى. شونىڭ اوچون بتون انقلابچيلارنىڭ حركتىنى بر مركزگە باغلاماق، ياخود بر بويروق، بر حكوم آستىغا آلماق و بتون انقلابچيلارنىڭ باشىنى بر اورونغا باغلاب قالغان انقلابى خلق متنى بو حكو متكه تا يينب توروپ داوام قيلدورماق و چون آتاى باملى ثابت داملا وزاطرافىدا بولغان منور ضيالى آداملارنى اويوشتوروپ، «شرقي توركستان جمهوريتى» نامىدا بر حكومت قوروشقا كريشىلدو. بو حقدە يول - يوروق سوراب، آقسو طرفكه كيلىپ قالغان خواجه نياز حاجمغا وكيل ماڭدوروپ، 1933 نچى يىلى 11 نچى آينىڭ 12 نچى كونى كيچه سى مجلس

اچىب «شرقى توركستان جمهوريتى» حكومتينى رسمى تشكيل قيلىب ، بو حكومتنىڭ قانون ومسئول آداملەرينى بەلگولەب چقيدو.
نتيجەدە رئيس جمهورلقغا خواجە نيازحاجم، باش وەكيللككە ثابت داملا، آركانى حربيە رئيسلىكيگە محمود محيطى، داخيلى ناظرلقيغا سعيدزادە يولبس بەگ، خارجى ناظرلقنا قاسمجان حاجى، معارف ناظرليقيغا عبدالكريم خان مخدوم، حربيە ناظرليقيغا اوراز، اوقاف ناظرليقيغا شمس الدين توردى حاجى، عدليە ناظرليقيغا ظريف



شرقى توركستان باش وەكيلى ثابت داملا
باشلق حكومت اربابلارى

قارى حاجى، زراعت تجارت ناظرليقيغا ابوالحسن حاجى، ماليە ناظرليقيغا على آخون باي لار سايلينيدو. شو كونكى كەچكى مجلسدە «شرقى توركستان مركزى استقلال جمعيتى نىڭ نظامنامەسى»، «شرقى توركستان دولت قوروليشى»، «شرقى توركستان دولت قوروليشىنىڭ بياننامەسى»، نظارتلەرنىڭ نظامنامەسى و «شرقى توركستان استقلال جمهوريتى نىڭ آساسى قانونى» تصديق قلينيدو.
ئەرتەسى زور خلق يىغىنى چاقرليدو. جمهوريت حكومتنىڭ آساسى قانونى اعلان قيلنيدو. بونىڭ شرفى اوچون 41 قاتيم توب ايتيليدو. توپلانغان خلق آلدىدا شرقى توركستان جمهو

ریتی اوچون قبول قیلنغان «آی، یولدوزلوق کوك بایراق»نی تاغ
را، کارنای ایله آیگز آسیلدو. ملی موزیقالەر چالینیب مکتب
بالیلاری طرەفندن «بایراقیمز کوك بایراق؛ اوردومز آلتون اور
دا؛ توركستان تورکلەرنك یوردو؛ توركلەرنك اولاچاق» دیگەن شعر
اوقولودو. ثابت داملا، محمدجان آخون، موسی افندی وباشقالر
طرەفدن خلقغه نطق سوزلەنودو. شو كونكی یغینغا 8.000 عسـ
کر، 13.000 خلق قاتناشیدو.

# خواجەنیاز حاجم نك قەشقەرغه تكلف قیلینیشی

قەشقەردە «شرقی توركستان جمهوریتی»نی قورغان ثابت
داملا باشلق انقلابچیلەر اوز آرا مصلحت قیلیشیب، خواجەنیازحاجم
نك شنكشی سەی ایله توزگەن اتتفاقینی بوزوب، شنكشی سەی
نی آغدوروب تاشلاشقا قرار بیریشب، بو مسئلەلەر اوستندە یول
یوروق سوراب محمود نلم بەگ افندینی خواجه نیاز حاجم قا
شیغا ایبەریلدو. حاجم بو كونلەردە اوچطورپاندا بولوب، مـو
صول حاجی، حمدالله آخونلەرنی چەت دولتكه چیقاریب مال غاقە
رال تیگیشب تورغان كونلەری ایدی.

اوچطورپاندا، حاجم بووكیل بولوب كەلگەن محمود نلم
افندیدن، قەشقەردە قورولغان حكومت احوالندان خبر تاپیب، بو
قورولغان شرقی توركستان جمهوریتینی قبول قیلب، تاغ یولی
ایله قەشقەرغه كیلیب توشودو. ثابت داملا باشلق بتون قـەشقەر
خلقی آلدیغا چیقیب نها یتی زور داغـ ـدوغا ایله قارشی
آلودو.

خواجه نیازحاجم قەشقەردە ثابتداملا باشلق بتون كاتتالەر
ایله مذاكیره یورگوزوب، بو قورولغان حكومتنی قایداغ قیلب
مستحكملەش، مونلن صونك قایداغ اش الیب باریش خصوصندا
تیگشلی قرارلەر قبول قیلیدو. چەت دولتلەر ایله دوستلوق علا
قه باغلاش، تیگشلی دولتلەردن قورال سوراماق اوچون خارجی
ناظر قاسمجان حاجینی توبندەكی بویروق ایله شرقی توركسـ
تان حكومتی نامندان وكیل قیلب چەت دولتكه ماكلورودو. شو
واقتدا بریلگەن بویروقنك اصلی نسخەسی توبندیكیچه:

«شرقی تورکستان جمهوریت رئیسی، جنوبی تورکستان باش قوماندانی خواجه نیاز حاجیدن:

توشورگەن منشورەنك مضمونی اوشبوکی، اهل ختندن سوداگر قاسم جان حاجی ولد بردی حاجینی خارجی وظر قیلب بەلگولیدوق. بوقاسم جان حاجینی مینك تابعەلەرمدەکی تمام حکومت اوستیدە تورغوچیلار اوز اورنومدا خارجی ناظر دەب بیلب، خارجیدن یاراغ الب کیلدیگانیغا لازملق آلتون، کموش، جای نماز و ایبه ریدیغان روپیه قتارلی لازملقلەرینی پادشاهلق خزینەدن راسلاب تیار قیلب بیرە سزلار. ویانا بوقاسم جان حاجی خارجی یورتلەردن ضرورلك بلەن خریچەن پول ایبەریش قیلاشیب، سودا گرلەردن یاکی خارجی حکومت بانکالردن پول الب، بوخوی چەن گە قایسی حکومت اورتاغا کیلب ریپسکه بەرسە، مذکور ریپسکه الب کەلگوچینك پوللەرینی تەخیر قیلمای پادشاهلق خزینەدن تاپشوروب بیرەسزلەر. ویانا سز قاسم جان حاجیمو بزلەرگە حدود بو هم غیری حدوداقلم پادشاهلەری تورکیه، آفغان، ایران، انگلیس، آمریکا، یاپون، گرمانیه، فرانسیه، ایتالیه، روسیه قتارلی اقلم پادشالەری ایله کوروشوب بزلەرنك بو یاکی شرقی تورکستاندن ظهور قیلغان حکومت اسلامیه جمهوریتی نك بواقلم پادشاهلەری ایله دوست - آشنا رابطەلەرینی اظهار قیلب، اوز حدود تابعەلەرنی محافظت قیلماق اوچون لازملق قدر یاراغلەریمزنك کامچللیگیدن اوز اورنومدا یوقاریدا ذکری بولغان مذکور اقلم پادشاهلەرینك حضور خدمتلاریگە مذکور قاسم جان حاجینی وکیل قیلب ایبەردیم. هر قایسی پادشالەر مذکور وکیلیمزنك وکالتینی قبول توتوب، حضور عالیلەریدن سوراغان یاراغلارنی التفات قیلب، سوراغان قدر ملتق، پولیموت، زخلی آفتوموبیل، آیروپلان قتارلی یاراغلەرنی تاپشوروب بروب اوز حدودلەریدن سلامت اوتکزوب بیریشلارینی اومید قیلامز. مذکور یاراغلارنك قیمتینی مذکور قاسم جان حاجی وکیلیمزدن تاپشوروب آلورلار. سز قاسم جان حاجیمو، خارجی نظارتینی سهولت لك قیلمای آگاهلق ایله حکومت قانونیغا موافیق باشقا اقلم پادشاهلەری هم کیشیلاری بلەن یاخشی مواسا قیلاسز دەب منشور نامه حجت بیریلدی.

۱۳۵۳ سنه جمادی الاول آینك ۱۵ نچی کونی»

جمهوریت نامدار واقتلی آقچا چیقاریلیدی. تشویق اشینی الب بارماق اوچون «استقلال» ناملی بر مجموعه نشر ایتیلدی. حکومت ایشلەری یولغا سالینیب، عسکرلەر هاردوق آلدی. بولغاندن صونگره 1934 — یلی رمضان آیینك 27 — کونی قەشقەر یاڭی شهرنی ماجونگیندن آلماق اوچون مجمود محیطی بو

سۇف جان، اورازلەرنىڭ قوماندانلىغىندا شهرگه هجوم باشلانىدو،
ياڭى شهر دخى اشغال قىلىنماى توروپ، اوروشچىلەن قاچقان مه
جوڭيىنىڭ عسكرى قەشقەرغه يىقىنلاشىپ كىلىپ قالىدو. ماجوڭيى
غاقارشى خواجه نياز حاجم، امير صاحب (محمد امين داملانىڭ ته
اينيسى) بر بولوم فيدائيلەرنى باشلاپ فيض آبادقا قاراپ يولغا
چقىدو. چيچەك ديگەن جاى نىڭ اودوليدا سوقوش باشلانىپ خوا
جەنياز حاجم يېڭىلىپ بەش كرمگه چيكينىدو. نتيجەده حاجم،
ثابت داملا باشلىق حكومت كاتتالەرى كهنه شهرده محاصيره ايــ



شاه منصور محرملارى بلەن

چىلە قالىدو. آخرى كونه شهرنى ماجوڭيى غا بوشوتوپ بيريپ
باشقا طرەفكه چيقىپ كەتمەك بولوپ تورغاندا، ثابت داملام:
«بر آزصبرى قيلايلى، مەن: اوراز، يوسف جان، زەيدن آخون،
كيچك آخونلار نى ييغىپ كيلەي، علاجى بار كونه شهرنى قوندا تو
توپ تورايلى» دەپ چيقىپ كيتىدو. اولارنىڭ توپلونوپ كيلىشىنى
كوتوپ تورالمىغان خواجه نيازحاجم كونه شهرنى تاشلاپ ياڭى

حصارغا يوتكولوپ آلودو. ويانگى حصاردا ثابت داملامغا «سەن عسكرلەرنى توپلاپ بوندا تورغين»دەپ اوزى يارکندگە يوتكو لوپ آلودو. بوآرالقدا هيچ كملدن مصلحتسز يوسفجان آزراق عسكرى ايلە كهنە شهرگە كيريب الغان تونگانلارغا هجوم باشلاپ اخرى قاچيب چيقدو. بوسببدن ماجونگڭيى كهنە شهردە ٤٥ دن ارتوق ادامنى اولتوروب، خلقنڭ مال — ملكينى بولاڭ — تالاڭ قيليدو.

بواورتادا خوتەن انقلابچيلەرى دن منور قهريمان ياش يگت امير صاحب (نور احمد خان) يانگى حصاردا محاصيره اچندە قاليدو. يانگى حصارغا هجوم باشلاپ؛ محاصيره اچندە قالغان امير صاحب قا ياردم بەرمەك اوچون يارکند دين شاه منصور، تاش بالقدين ثابت داملام، عبدالرحمن قور باشى و محمود محيطى لەر 3 يول ايلە هجومغا يورودو. الڭ الدى ايلە يانگى حصارغا هجوم قيلب كرگەن شاه منصور شيۋيت داروخانەسى الديغا ييتب بارغاندا اوق تيگب بر قانچە عسكرى ايلە اسير توشودو. بونڭ ارقاسندن هجوم باشلاپ كرگەن محمود محيطى، يوسف جانلەر سوقوشدا مغلوب بولوب چيكينب چيقيدو. نتيجەدە يالغوز محاصيره اچندە قالغان قهريمان امير صاحب شهيد بولودو. بو واقعەدن صوڭره خواجە نياز حاجم، محمود محيطى باشلق بتون انقلابچيلار يارکندگە يوتكولوب الودو.

ماجونگڭيى قەشقەرنى بتونلەى اشغال قلغاندن صوڭرد؛ قەشقەر علمالرندن بر قانچەسينى و كيل قيلب اتتفاق توزمك اوچون يارکند حاجم قاشيغا ايبەريدو. امما نتيجە بەرمەيدو. بواورتادا خوتەندين امير حضرت محمد امين داملام يارکندگە كيلب حاجمنى زيارت قيليدو. وانقلابى خدمت اوستدە مذاكيرەلەر يورگوزودو.

اش بوجايغا ييتب كەلگەندە، بورون قەشقەردە قورولغان شرقى توركستان جمهوريتينڭ حكومت تركيبيگە چاقريلماغان بعضى انقلابچى كاتتالرنڭ اشقا سوست قاراغانلىقى وبعضى بوزغونچى ادامەرنڭ اورتاغا كيريب فتنە — اغوا توغدورغانليقى، وبونڭ اوستدە بعضى قوماندانلەرنڭ باش — باشتاقلق قيلب

اوزیچه اش الب بارغانلیقی ارقاسندا اورتاەکی اتتفاق بوزولدو. قەشقەر قولدن کەتکەندن صوڭ بعضی کاتتالەر قورقوشوب قاراشیب کیتیلدو. چاقوچیلق ارقاسندا رئیس جمهور حاجم ایلـ باش وکیل ثابت داملام اورتاسندا برلك بوزولدو. ماجوڭیـی نی قوغلاب کیلیواتقان شڭ شی سەی عسکری اقسوغا کیلـب قالیلدو.

بوکونلردە خواجە نیازحاجم، «هندستانغا چیقب کەتسەڭ قایـ لداغ، یاکی بوروں توزوشکەن توختام بوینچە شڭ شی سەی ایلە برگە بولساق قایلداغ» دیگەن خیالغا توشوب؛ آخری شڭ شی‌سەی ایلە برگە بولماق قرارینی بیریب، اوزی برطرەفدن چت دولتدن قورال آلماق وکلیواتقان شڭ‌شی‌سەی‌عسکرینڭ احوالدن خبر تاپماق بولوب قاش قورغان طرەفکە باریلدو. بوندا چەت دولت ایلە خبرلەشکەندە قەشقەردە قورولغان، چەت دولت‌یاخشی کورمیگەن «شرقی توركستان جمهوریتی» حکومتیگە قاتناشقانی وبو حکومتکە مسئول بولغانی اوچون خواجە نیاز حاجمـدن بەك خاپا بولغان وخواجە نیاز حاجم اوستدن زور شبهەگەتوشـ کەن چەت دولت آدیمی، خواجە نیاز حاجمنڭ قورال سوراپ قیلـ غان التماسیغا «بز قورالنی شڭ شی سەیگە تاپشورغانمز، شڭ شی سەیدن ساریب آل، بز اورتادا گواهلق اوچون امزالتکەن توختامغا رعایە قیلمای، قەشقەردە استقلال حکومت قوردیکز» دەب جواب قایتورودو. بونڭغا قاریتا خواجەنیازحاجم‌نڭ اوزینی آقلاب، اولارغا اوزینی ایشەندورمەك اوچون «بوحکومتنی مەن قورمادم، ثابت داملا قوردی، مەن آریلاشقان امەسمەن» دەب ایتقان سوزیـ گە آساسلانیب، چەت ال آدیمی اگر سزبو اشقا آریلاشمیغان بولـ سیکز، جهانگیرگە ساتیلغان ثابت داملا، محمد امین کبی آداملر نی شڭ‌شی‌سەیگە توتوب بەرگین، آندن بزسکا ایشەنیمز» دەپ حاجمنی قستایلدو. اگر توتوب بەرمەسە، اوزی‌هم‌برگەبولارنڭ آلدنـ دا هلاك بولاچاغینی وشوندا‌ق قلمیسا اولارنی اوزیگە ایشەندورمەك مەـ کین امەسلیکینی کوزدەتوتوب، خواجەنیازحاجم ناعلاج ثابت‌داملام باشـ لق کاتتالەرنی توتوش اوچون محمود محیطی‌غا بویروق بیریلدو. خواجە نیازحاجم‌نڭ موندا‌ق اویتومتوت اوزگوروشی باشقالارآلدنـ

ىدا تسليم بولوب، ثابت داملانى توتوب بەرگىنىگە كوب انقلابچىلار ناراضى بولودو. بواورتادا بونگغا اوخشاش سببلەر آرقـا سىدا امير حضرت، محمد امين داملام اوز عسكرينى الب خواجه نيازحاجمدن آيريلب خوتەنگە يوروب كيتيدو. يوسف جان تـاش قورغانغا چيقيب آلودو. قرغز اوراز تاغقا چيقيب آلودو.

خواجه نيازحاجم آقسوغا كيلب توشكەن شىڭ شى سەى عسكرى ايلە برلەشمەك اوچون مارالباشيغا يوتكولودو. قەشقەردن سورولوب يارکندە، خوتەن طرەفكە يورگەن ماجوڭيى عسكرلـەرى امير حضرتمگە شدتلى هجوم باشلايدو. نتيجەدە قانلى سوقوشلار دوام قيلب، خوتەن انقلابچيلارى مغلوب بولودو. محمد امين داملام هندستانغا قاچيب چيقب آلودو. يارکند، خوتەن ماجوڭ يى نىڭ قولندا قاليدو. شوندااق قيلب قەشقەردە قورولغان شرقـى توركستان جمهوريتى حكومتى اوز ـ اوزيدن يىقيليدو.

## شىڭ شى سەى قووەتى نىڭ التى شهرنى اشغال ايتيشى

خواجه نيازحاجم آقسوغا كيلب؛ والى نياز بەگ، تودن جاڭ ايلە برلكدە مصلحت قيليشب، شىڭ شى سەى عسكرى ايلە برگە قەشقەر ماجوڭيى غا هجوم باشلاماقا قرار بيريدو. نتيجەدە مارالباشيغا قاراب هجوم باشلانغاندا؛ بوندەكى تونگانلەر يارکندگە اوتوب كتيدو. قەشقەر اطرافندا ماجوڭ يى نىڭ قووەتى قالمايدو.

بو وقتدا اوروەچى طرەفدن آرقيمو ـــ آرقا كيليواتقان شىڭ شى سەى نىڭ قووەتينى كورگەن محمود محيطى بواشقاخاپا بولوب شىڭ شى سەى گە الچى ايبەرب، «گوچوڭدا قيلشقان وعدە بوينچە تيانشەن تاغى نىڭ جنوبى تورك عسكرلريگە تاپشورولوب شىڭ شى سەى نىڭ عسكرى كەلمەسلىكى لازم ايدى، نيمە اوچون شىڭ شى سەى عسكرى آلتى شهرگە اوتودو» دەپ ايتيدو، بونگغا جوابەن شىڭ شى سەى: «حاضرقى عسكرلرنىڭ باريشى، ماجوڭ يى نى يوقوتوش اوچون بولوب، ماجوڭيى مغلوب بولغانـدن

سوڭرە اوروەچىگە قايتىپ كېلىدو» دەپ اوختوروش بېرىدو.
قەشقەردەكى ٠٠٠، ال الچى سىنىڭ تكلىفى وەداوتەىنىڭ واس
طەسى ايلە ماجوڭبى بتۈن عسكرى قورالىرىنى ماخوسەن گە
تاپشورۇب اوزى 60 نفر ادام ايلە روسيەگە اوتوب كېتىدو و شون
دىن كېين ماخوسەننىڭ ارقاسىدىن قوغلاپ بارا ياتقان شڭ شى
سەى عسكرىنىڭ هجومى توختوتولودو و ارقاغا قايتورولوب يار
كند، خوتەن ماخوسەن گە بېرىلىدو.
بو واقيعەدىن صوڭرە اوروەچى شڭ شى سەى قاشىدىن گېنې
رال ماليكوف مارالباشيغا كېلىپ، ماجوڭيىنىڭ روسيەگە قاچقا
نىنى سوقوش توگەپ تونگانلارغا خوتەن بېرىلگەنىنى و هربر
ملت حقوقدا برابر بولو ديغانليقيغا اوروەچىدە توختام بولغانىنى
ايتىدو. ماليكوف محمود محيطى ايلە كوروشكەندە، اوروەچىدە
بولغان قرار بوينچە خواجە نيازحاجى اولكولوك حكومتنىڭ معا
ون رەئيسلىك خدمتى ايلە اوروەچىدە تورماق بولدى، سز موقت
احتياط عسكر قوماندانلق (جنوبى سيلڭ) خدمتى ايلە قەش
قەردە تورماق بولديڭز، خواجە نيازحاجم ايلە كوروشوب بوسوز
لەرنى ايتسام، اوزى قبول كورسەمو يېنىدىكى كشيلر حاجمنىڭ او
... نى قبول توتماى توروبدو. حاجمنى بوگون ايـ
روپلان ايلە مارالباشيغا كەلتورسەك سز هم سوز قيلىپ اوناتسى
ڭز» دەپ ايتيدو. محمود محيطى مصلحتنى پوختالاشيب الماق
اوچون ايروپلان ايبەريدو. شول كونى حاجم ايروپلان ايلە
مارالباشيغا كېلىدو. محمود محيطى: ماليكوفنىڭ قاشىدا، خواجە
نياز حاجمغا اوروەچىگە بارماققا مصلحت بەرگەن بولسەمو، امما
يوشورن توردە حاجمغا «اوروەچىگە هرگز بارماڭ، كېلەچەكتە
خطرلك بوليدو. شڭ شى سەى بوگون چەت دولت ايلە بىرگە
ايكەن. بوهم ايكيسى دنگە شبهە قيلغان و يمان كوزدە قاراغان
جايدا. بولاردا برپلان بار» دەپ مصلحت بېرىدو. حاجمهم قبول
كورودو.
محمود محيطى عسكرينى الب قەشقەر كونە شهرگە اورونلو
شودو. برنچە كون اوتكەندىن صوڭ «حاجم ينا الدينىپ اوروە
چىگە كېتىپ قالمىسون» دەپ تەشويشكە توشوب، برپارچە خط ايلە

ھەشیرەسینڭ اوغلی قربان سعیلینی اۋسوغا حاجم ۋاشیغا ماڭ ـ لورودو. کوچاردا بوارقادن کەلگەن خطنی کورگەن حـاجم «مەن اوروەچیگە بارەیسام بولماس ایکەن، محمود خوفلاندیسون، عسکرینی قولدا محکم توتسون، مەن الدانمایمەن؛ اوزوم یالغوز غنە اوروەچیگە باریب تورومەن، بتون عسکر، بتون قووت سڭا امانت» دیگەن مضمونلا برجواب خط یازیب اوزی اوروەچیگە یو روب کتیلو. ثابت داملام شڭ شی سەی گە تاپشورولودو.

## اوروەچیدە یـاڭی سیاست

اولکونڭ وولایتی بتونلەی قولدن کتب، یالغوز اوروەچی شهریلا حکومت قولندا قالغان کونلردە، شڭ شی سەی تختیگە چقدی. شڭشی سەی قولندا بو 4طرەفدن کیلیو اتقان قارشی، کوچ لەرنی یەڭگودەك قوەت یوق ایدی. مرکزگە یاخود مرکز کو چیگە یولونەی دیسە، برطرەفدن مرکزنڭ قولی بوش امەس، وەر کزدن قوەت کەلتو روش امکانیتی یوق، یانا برطرەفدن دوبەنلك اورونتی قزغانیب؛ مرکزدن کەلگەن ادامرگە حقارت قیلـب قویدی. یەرلی خلقغە سویونەی دیسە، بتون یەرلی خلق ھەمەسی دیگودەك قارشی چقدی، دیمك شڭشی سەی گە تیرەك بولغیدەك ھیچ قاندا ق بر یولەنچوك یوق ایدی.

نتیجەدە چەتکە یولونوب، اولارنڭ کوچی آرقالی قارشیسند ـ لەکی دوشمنلرینی یوقوتوب حاکمیتنی قولدا توتماقچی کرشدی. یانا برطرەفدن یەرلی خلقنی وبارلق انقلابچیلارنی آلداماق اوچون او لار استەگەن و شونڭ اوچون انقلاب قیلغان برنچە مسئلەنـــی حل قیلغان بولوب «ھەمە ملتکە برابر حقوق بیریلدی. مستبد جڭ شورین حاکمیتی آغدورولوب یاڭی خلق حکومتی قورولدی. مون ـ دن صوڭ ایزیش ـــ ایزیلشکە یول قویولمایدو» دیگەن کبی شعارنی میدانغا آتدی وبوشعارینی عملدە کورسەتمك اوچون معا ونین ردئیسلك، ناظرلق، والی، حاکملق اورونلارنی کوبرەك اوی غور، قازاق، تونگانلارغا بەردی. بورونقی خەنسو عملدارلارنڭ اشقا ملتنی ایزیش ایشینی بتونلەی یوقاتدی. خلقغە اختیاری رکینلك بەردی.

بونىڭ آرقاسىدا آزسانلىق ضىيالىلار «بو بىر ھىيلە بونىڭ آرقاسىن
دا بىر پىلان» باردەپ بونىڭغا شبھە كوزى ايلە قاراغان بولسيمو، امما
كوپچولوك خلق «ھمە ملتكە تەڭ كوزدە قارىلدى، مقصدىمىزنى او
رونلىدى، حكومت ايشىگە ھمە ملتىن آرىلاشتوردى» دەب شىڭ
شىسەي گە اعتقاد باغلادى.

خواجە نىيازحاجم اوروەمچى گە كيلىب، معاون رئيسلىك اوروندا
اولتورغانىدن صوڭرە، قالغان انقلابچىلەرھم بربر آرقىدن شىڭشى
سەي ايلە برلەشمككە باشلادى. بورھان افندى اوروەمچىدن وكيل
بولوب آلتاي غا بارىب، بتون آلتاي ولايتىنى اوز قولىدا توتوب
تورغان شرف خان تورەنى شىڭشىسەي ايلە برلەشتوردى.

حكومت طرەفىدن شرف خان تورەگە آلتاي غا والىلىق وعسكرى
قوماندانلىق وظيفە تاپشورولدى. شونداق قىلىب ياركند، خوتەن
نىڭ مەئمورى حربى حقوقى ماخوسەن قولىدا، قەشقەرنىڭ حربى
حقوقى محمود محيطى قولىدا، قمولنىڭ حربى، ملكى حقوقى يول
بارس بەگ نىڭ قولىدا قالدى.

شىڭشىسەي بتون اولكودە تنچلق اورناتىپ آلغاندىن صوڭ
رە، حكومتنىڭ سياسى يولى دەب: 1 نچى جھانگيرگە قارشى
تورۇش، 2 نچى سەويتلەر اتتفاقى ايلە دوست بولوش؛ 3 نچى
ملتلەر حقوقدا برابر بولوش، 4 نچى تنچلقنى ساقلاش، 5 نچى
اتتفاق بولوش، 6 نچى اولكەنى تعمير قىلىش دىگەن «آلتە
بيوك سياست»نى ميدانغا آتدى. وعموەي ايشنى ظاھيرىدە مو
شو آلتى سياسەت آساسىدا الىپ باردى.

# معارف دورى نىڭ باشلانيشى

يورتدا تنچلق اورناب، ياڭى حكومت قورولغاندىن صوڭرە،
معارف دورى باشلاندى. انقلابچىلار 3 — 4 يىللىق انقلاب دوامىدا
خلقنىڭ نادانلىغى وبلمى آدامىلارنىڭ كامليغىدىن كوب قىنالغان
ايدى. بعضى قولغا توشكەن ھيم عصرى قوراللارنى اشلاتالماى،
ادارە، بويروق اشلارينى ترتيبكە سالالماي وپلان، اوصول، سياست
كبى كيرەكلىك اشلارنى جايلاشتورالماى كوب ضرر چەككەن
ايدى. شونىڭ اوچون بونىڭ ھمەسىنى معارفسزلقدن كيلىب چققان

دەب بیلگەن انقلابچیلار برنچی اوروندا معارفنی ریواجلاندورماقنی ضروردەب توشوندی. یورتداتنچلق اورنالغان کوندن باشلاب، هربر جایدا یاڭی مکتب اچیش، بالیلارنی اوقوتوش اشلریغە جلدی کریشدی. معارفنڭ فایداسینی خلقغە آڭلاتدی. بتون خلق اوستورگەن بالیسینی، تاپقان دنیاسینی معارف یولیغا جدیە قیلشقا باشلیدی.

باشلانغوچ زمانلاردا، خلق استەگەن اشنی اشلەپ بیریب، خلقنی اوزیگە جلب قیلماق سیاستینی قوللانغان شڭشی سەیبار لق کوچی ایلە خلق معارفینی یوقوری کوتوروشکە کریشدی. اوروەچی وبعضی چەت ویلایتلردە دارالمعلمین، اورتـا مکتب، دارالفنون آچدی. هربر ملتکە اوز تیلندا اوقوتوشقا ارکینلـك بەردی. 1934 — ییلیدن باشلاب تاشکندگە 3نوبت 100نفردن اوقوغوچی چیقاردی. اوندن اوقوب قایتقانلار اولکەمزنڭ هربرجاینده‌کی معارف اشلرینی قولغا آلدی 33نچی یلی برنچی قاتیمقەشقەردن اوروەچیگە 236 نفر اوقوغوچی الب کیلب اورتا مکتبلردە اوقوتدی. شوندن کیین بتون اولکونڭ هربر جایندن کوبلەپ اوقوغوچی کیلب اوروەچیدە اوقوید یغان بولدی. هربرجایدا خلق اوز کوچی، اوز تشبثی ایلە مکتپ سالشقا باشلیدی. 37 نچـی ییلیغا قدر بتون اولکونڭ هربر جایندا بولـوب خلقنڭ اوزکوچی ایلە 1.391 دانە یاڭی مکتب سالندی. بوندا اوقوغوچی شاگردلارنڭ سانی 130،000 دن آشدی. حکومتکە نسبەتەن خلقنڭ اوزی الب بارغان معارفی نچە یوز حصە آرتیب توشدی.

آلتایدا والی شرف خان، باش کاتیب منکای، معلم سعید قازی، بای ملالارنڭ، قمولدا یولبارس بەگنڭ، قەشقەردەمحمود محیطی، موصول حاجم، اوروەچیدە خواجە نیاز حاجم کبی منورلارنڭ غیرەتی ایلە معارف اشلری فوق العادە سورەتدە ترقی قلشقا باشلیدی. بتون خلق مکتب و مکتب بالیلاری اطرافندن آیلانیب کیتالمایدیغان حالغا کەلدی. چوڭلار اوچون ساواد آچیش قورسلری تشکیل بولدی.

بنراق، معارفنىڭ شونچه تزلك ايله ترقى قيلشقا باشلاغاننىدن بولوبمو قەشقەر معارفينىڭ برملى روحدا كيتب بارغانىنىدن شلىك شىسەى قورقوب قالدى. بونىڭ آلدىينى آلماق، خلقنى ملى معارف روحىدن چيقاريب ايكنچى برتورلى روحغا بويالغان معارفقا كرگوزمەك اوچون اوزى تربيه قلغان معلملرنى هربر جايغا تارا تيب، ملى معارفچيلرنى تورلى چاره ايله معارف ساحـــه سىندن سيقب چيقاريشقا باشلىدى. ملى كتاب، ملى درسلكلرنى اوقـــو توشىدن قالدوروب اونىڭ اورنىغا كاممونيستلق نظريه سنىده يازيلغان درسلك كتابلرنى كرگوزدى. بو اشقا منور ضياليلاربولوبمو محمود محيطى قارشى چقدى.

## مطبوعاتچيلق

يورتيمزدا تاكى انقلاب آخرلاشقانغا قدر بره‌رته غـــزيته، بره‌رته مجموعه‌چيقاريش ايشى يوق ايدى. خلقنىڭ آڭ بيلىمينى يوقارى كوتوروشده معارفچيلقغا اوخشاشلا مهيم قورال بولغان مطبوعاتچيلقنىڭ قممتينى بلگەن كاتتالر هربر جايدا اوز كـــوچى ايـــلـــه غـــزيـــته، مجموعه چيقاريشقا كريشدى. قەشقەرده محمود محيطـــى نىڭ رهبرليكى، قوتلوق حاجى شوقى نىڭ باش محررليكى آستىندا «ياڭى حيات» ناملق برغزيته چيقشقا باشلىدى، چوچه‌كده «بزنىڭ تاووش»، آقسودا «آقسو خبرى» ناملى غزيته‌لر نشر قيلىندى. بوخلق طره‌فىدن چيقاريلغان غزيته‌لر كوپچولوك طره‌فىدن بەك سويولوب اوقولدى. اورومچيده اويغور اويوشماسى طره‌فيدن «ياڭى شنجاڭ» ناملى غزيته چيقاريلدى.

بوياڭيدن ملى روحدا بيخ اوروب چققان غزيته‌لرگه يول بـــەرمه‌سلك ومطبوعات، معارفچيلقغا اوخشاش مهيم اشلرنى حكومت قوليغا الب، اوزى استه‌گه‌ن يولدا الب بارماق اوچون شلىڭشىسەى اوروميچيده «اولكولوك شنجاڭ غزيته اداره‌سى» ناملى برغزيتـــه خانه قوروب، بونىڭ شعبه‌سينى قەشقەر، چوچه‌ك، ايلى، آلتاى، خوتەن، آقسو كبى جايلرده اچيب، «ياڭى حيات»، «بزنىڭ تاووش» كبى خلق غزيته‌لرينى قاپاتيب، اونىڭ اورنىغا «قەشقەر شنجاڭ

غزیتەسی»، «چوچەك شنجاڭ غزیتەسی» دیگەن‌نام‌آستندا غزیتە چیقاریشقا باشلیدی.

شنڭشی‌سەی بر ایکی یل خلقنی اوز ئەركیگە قویوب‌بیرب خالیغانیچە اش اشلەشکە یول بەرگەن بولسیمو، اممایورتنی تنچ لاندوروب، اوزینی پوختالاب آلغاندن صوڭرە، خلقنی ملی حر كت وملی ترقیاتدن توساشقا، یاشلرنڭ مفکورەسینی باشقایاققا بوراشقا وملتچیلرگە سوءقصد قلشقا کریشدی:

# محمود محیطی نڭ معارفقا کورسەتکەن خدمتی

محمود محیطی‌نڭ قەشقەردە قالیشیدەکی اصلی پلانی، شنڭ شی‌سەی ایلە معلوم‌واقت‌مدارایولینی‌توتوب توروب، فرصتی کلگەن دە، اورومچیدە قورولغان شنڭشی‌سەی حاکمیتینی آغدوروب تاش لاش ایدی. اما بختگە قارشی، شنڭشی‌سەی یوغان بر تیرەککە یولونوب آلدی. شنڭشی‌سەی‌نی آغدوروب تاشلاشقا اومید کیسیل دی. آخری محمود محیطی خلقنی یتشتورایلی، خلقغە برنرسە بیلدورایلی، کەلگوسندە بر گەپ بولور دەب بتون کوچینی معا رفقا صرف اتدی. بونڭ اوچون محمود محیطی‌نڭ معارفقا کـور سەتکەن خدمتینی آیری کورسەتمەی اوتالمایمز.

محمود محیطی اوزی بتون کوچی ایلە قەشقەر معارفینی ریواجلاندوروشقا کریشکەندن تاشقری آقسو والیسی نیاز بەگ، قمول والیسی یولبارس بەگ، آلتای والیسی شرف‌خان توره وهربر شهردە بولغان‌ضیالی آداملرگە مخفی خط یازیب، مخفـی آدام ماڭدوروب، اولارنی معارفقا اهمیت بەرمەککە دعوت قیلیب توردی. قەشقەردە محمود محیطی‌نڭ یول یوروغی استندا عبدالرح من‌حاجی روزی خلفت اوغلی طرەفندن قەشقەر ولایتینڭ هربر جایندا مدنی معارف اویوشمالری، مکتب‌و دارالعاجزین، دارالای تام مکتبلری تشکیل قیلندی. توختی حاجی توردی بای اوغلی، محمدرحیم مخدوم، اسمائیل حاجی، ابراهیم آخون بای‌بچە، عمر آخون بای حاجم اوغلی کبی معارف پرور زاتلر اوز کوچـی

ایلە زور یاخشی مکتبلار قوروپ بەردی. بومکتبلردە مجدالدین بەگ کوپ غیرت کورسەتدی.

عبدالله بەگ نعیمی داملام نڭ رئیسلیکی آستیدن قەشقەر نڭ بتون مدرسە، مسجدلری اصلاح قیلندی. بتون مکتب اوقوغوچیلاری مسجدگە نمازغا چیقب تورغاننڭ سرتیندا، محمود محیطی بتون اوز عسکری ایلە نمازغا چیقیدیغان بولدی. بتون التی شهر خلقی محمود محیطی غا زور اومید ایلە اعتقاد باغلیدی.

## فوق العادە واقعەلەر

شڭشی سەی نامعلوم طرەفنڭ یاردمیگە سویونوب توروب بویورتدا یاخشیدن باش کوتەرگەن ملتچیلکنی وملتچیلەرنی یوقوتوشقا کیریشدی. بونڭ اوچون برنچی قاتیم ایلی دن اورومچیگە، اورومچیدن قەشقەرغە قدر تاش یول قوروب، اویاقدن بویاقا کوچ ماشینو روشقا آسانلق توغدوروب آلدی. یوزلەب ماشینالار اویاقدن — بویاقا غار تیراپ ماشار بولدی. خواجە نیاز حاجیغا قوروق بر معاون رئیسلک نامنی بیریب قویوب، اونی حکومتنڭ اچکی — تاشقی هیچ قاندا ق بر ایشیگە آرالاشتورمیدی. برنچی نوبتدە انقلابچیلارنی منصب بلەن اویاق — بویاقا ایبەرگەن بولوب، بر — بریدن یراقلاشتوردی. مسلەکسز، قورقونچاقلەرینی تاپیب اولارنی باشقالارغا قارشی قیلب تیارلیدی. هربر خلق سویگەن کاتتالارنڭ قاشیغا بردن ایکیدن اوزینڭ جاسوسلەرینی کرگوزوب بوآداملارنی نظارت آستیغا آلدی.

شڭشی سەی نڭ بواش پلانینڭ اجراسی اوچون غایبدن آرقیمو — آرقا مصلحتچیلار کیلب یول — یوروق کورسوتوشکە باشلیدی. 1932 نچی یلی 7 نچی آیدا غایبدن منصور افندی، سید حاجی، یاسین افندی، دیڭ یی جون، لیو شەن جین، اودە چەن، یوچڭ داو، ۋاڭ باوچەن کبی 20 نفر آدام اوروەچیگە کیلدی. بولارنڭ اچندەکی منصور افندی، سید حاجیلار خواجە نیاز قاشیدا، ساقچی ادارەسندە، مرکـزی اویغـور اویـوشما سندا هم اشلەرنی اوز قولیغا آلدی. قالغان خەنسولار حکومتنڭ باشقا ادارەلەریغە اوروناشدی.

1921 نچی یلی غایبدن کەلگەن والی شاڭلار اوروم‌چیدە سیا
سی تفتش ادا رەسی (باوئە نجوی — گپئو) قوروب
بونڭ شعبەسینی هەمەجایغا تارتیب، بتون خلقنی سیاسی تفتش
آستیغا آلدی.

1934 نچی یلی غایبدن جاڭفی‌سەن باشلق 5نفر آدەم کیلب
چیگارا اشلەر ادا رەسی ( بیە نئو چو ) قوروب،
بتون اولکەنڭ چیگاراسینی وچیگارادن کیریش—چیقش ایشینی اوزقو
لیغا آلدی. 1937 نچی یلی غایبدن 6نفر سیاسی مصلحتچی کیلب
تیەن جوتاڭدا مخفی یول — یوروق خدمتینی الب باردی. آل—
تون کان ایچش یەر بایلقی تکشوروش تورکوملەری کیلب
بتون اولکەنڭ هەمە جایینی تکشوروب 19.00 دن آرتوق تورلی
خریطە اشلەب الیب کەتدی. بونڭ سرتندا کەلگەن حربی اقتصا
دی متخصصلەر، دوختورلار، آگرانوملار، معلملار بتون اولکونڭ
هربر جایندا مهم ادارەلەرگە اوروناشدی.

بوندن باشقا جوڭگو کاممونیست فرقەسی اچندن مینیی گو باشلق
گوپ مەئمورلار کیلب؛ معارف غزیتەخانە، اجتماعی اشلەرنی قولغا آلدی.
غایبدن کەلگەن کشیلەرنڭ رهبرلیگی آستیدا شیخوداغی زاوودی، آلتای
دا آلتون قازیش هیئتی، تودوڭخەدە حربی زاوود قورولدی. 1936 نچی یلی
شڭشی سەی موسکواغا باریب قایتدی. 1931 نچی یلی خوچاڭخو باشلق
برقانچە آدام شڭشی سەی طرەفدن بر نچەتوننا آلتون ایلە... باردی.
1932 - یلی...دن 7.500.000 صوم قرض آلیب بو نڭغا 10 دانە آیروپلان
30 دانە زەمبیرەك وباشقا قورالەر ساتیب آلدی. غایبدن کەلگەن
عسکرلەر گانسو، چڭخەی چیگاراسیغا باریب اوروناشدی.

دیمەك شڭشی سەی وغایبدن کەلگەن نامعلوم آداملار آستا—
آستا انقلابچیلارنڭ اورنینی ایگیلەب، بتون ایشنی اوز قولیغا
آلشقا وانقلابچیلەرنی بر — برلەب یوقوتوشقا کیریشدی.

## محمود محیطیغا قیلنغان سوء قصد

محمود محیطی حاجمدن آیریلب قەشقەردە قالغاندن صوڭرە،
نامعلوم طرەفدن پیدا بولوب قالغان قرغز اسحاق، مولانلەر بر
نچە یوز آدیمی ایلە محمود محیطیغا اطاعت قیلغان بولودو. بو

كشيلەر كيينچەشلىشى‌سەى دن كەلگەن بويروق بويىچە بتون قورالارينى محمود محيطى‌غا تاپشوروپ اوزلەرى قەشقەر دەكى بتون اويغور عسكرلەرينك اچكەتاراپ كيتيلو. ومحمود محيطى نك عسكرى اچنده جاسوسلوق ايشينى آليب باريلو. اسحاق تاشو قورغان‌غا حاكم بولوب اوندا تورودو. قەشقەرنك بتون خفيه ايشا لارينى نامعلوم قادير حاجى اوزقولىغا آلودو.

1934 نچى يلى 9 نچى آيدا «عسكرى تعليم تربيەو پروغرامە توزوش اشلريگە ياردم بەرسون» ديگەن امر ايله راباالكين نا لى بر آدام قەشقەرغە كيلب، محمود محيطى‌غا: «اويغور عسكرى آراسيندا حربيه تعليم كورگەنلرى يوق، بر نچە آدامنى تاشكندغا حربى تعلم اورگونوب كەلمەك اوچون ايبەرسەك نيچـوك» دەر فكر كورسوتودو. محمود محيطى ناعلاج اوزينك ايشەنگەن مسله داشلەريندن قوربان سعيدى، قوربان‌باز شاهيدى، احمد مخلو مقصوم‌مفتى‌اوغلى، سايم‌آخون، عبدالله‌افنديلرنى تاشكندغا وقوشقە ماشكلوورودو. بوآداملەر 1935 نچى يلى اوقوشنى توگوتوب قە قەرغە قايتب كيليلو. بولارنك مفكورەسنده آز — تولا اوزگـ روش پيدا بولغانليقى سزيليدو.

بوايشدن صوكره انقلاب زمانلاريندا كوب فيداكارلق كو سەتكەن ملتچى آداملارنى محمود محيطى قاشيدن آيريماق و ا لارنك اورنيغا اوز آداملارينى قويوب محيطى‌نى اچكى طرەفد عاجزلاتماق اوچون عبدالرحمن، حاجى نظام‌الدين افندى، آيوف بەگ مطيعى الله آخون، شرف حاجى، توختى لوى‌جاڭ، حمدم بگ حاجى، پولات توەنجاڭ قتارلى آداملارنى اورومچيگە چاقرتيب شە لشى‌سەى دن تيلغرام كيليدو. محمود محيطى برنچە قاتيم قبو قيلماى رەد قيلغان بولسەمو، اما اوستى — اوستيلەب تيلغـرا كەلگەنلكدن بوآداملار مجبورەن اورومچيگە ماشكلورولودو.

انقلاب كونلارينده ياخشى خزمت كورسەتكەن بلملك آداملا نى تورلى بهتان ايله قماقا آلشقا باشلاب، قەشقەر خان ايريقل عيسى حاجى، ساتيب آلدى آخون، تاش قورغانلق عبدالله قاض كبى آداملەرنى محمود محيطى نك ناراضيليقيغا قاريماى «جهانگيرن قويروغى» دەب توتوپ‌سولاب اولتورودو.

قەشقەردە عشرە ـــ ذكاتنىڭ نسپى اويوشماغا بيريلشكە قرار
بولغاندىن صوڭرە اويوشماغا 200مڭلاپ چارەك آشلق كرم بوليدي
غان بولدى. اويوشماغا توپلونوپ تورغان بوزور اقتصادى كوچ
آرقالى قەشقەر معارفى بەك ترقى قيلشقا باشليغان ايدى. 1935-
يلى شڭشى سەى طرەفدىن آلتى شەھرگە تفتش هيئتى يولوب بار
غان برتورگوم آداملار بولوبمو منصور افندى قەشقەر اويغوراو
يوشماسينڭ اقتصادى نى بوغماق ياكى بولماسا حكومت قاراماغىغا اوتـــ
كوزمەك اوچون قەشقەردە ايچيلغان برمجلسدە «اويوشما اوزينڭ
كرم ـــ چقيمدىن حكومتكە حساب بەرسە، يعنى حكومت قارماغنـ
دا بولسا؛ قەشقەردەكى مطبوعات حكومت قوليغا اوتسە قاندااغ »
ديگەن فكرنى اورتاغا آتيلو. بوفكرگە محمود محيطى قاتتق قار
شى چقيلو. آخرى بوتفتش هيئتى اويوشماغا تيگالماى، يـــالغوز
«ياڭى حيات» خلق مطبوعاتينى ملتچيلەر قولدىن تارتيپ الـــب
لاڭداوخين نامالى برآدامنى بونڭغا باشلق قيلب بەلگولەيدو. شونڭ
دەك بوتفتش هيئتى معارف، اويوشما ساحەسندە ياخشى خذمـــت
كورسوتوب كيلب آتقان آداملارنى درجەسينى كوتورگەن بولوب
اهميتسز اورونغا يوتكەب، بولارنڭ اورنيغا اوزى طرەفدار آداملار
نى اورونلاشتورودو. بوتفتش هيئتى قەشقەر ملت مجلسينڭ رئيـ
سى عبدالغفور حاجم نى اورومچيدىن كەلگەن تليغرام بويچە اوز
لەرى ايلە برگە الب كەتمەك بولودو. بوآدام 1936 نچى يلى 5ـــ
آى 13 ـــ كونى يولغا چيقب كونچينڭ آللويغا ييتيب كەلگەندە،
ملتچيلەر طرەفىدىن اولتورولودو. حكومت عبدالغفور حاجم نى موشو
لار اولتوردى ديگەن بهتان ايلە عبدالرحمن حاجم، احمد حاجملەر
نى قماقا الب اورومچيگە الب كتيلو. عبدالغفور حاجم بولسا،
1935 ـــ يلى 4نچى آيدا اورومچيدە آچيلغان خلق وكيللەرى قورول
تاييغا باريب اوندا شڭشى سەينڭ آلدام خالتاسىغا توشوب؛ قەشـ
قەرغە قايتيب كەلگەندىن بويان شڭشى سەينڭ فايداسيغا تشويق
الب بارغانلقدىن ملتچيلەر بوآدامدىن بەك خاپا بولغان ايدى.
1936 ـــ يلى 8 ـــ آيدا شڭشى سەيدن محمود محيطى غا: «ايكـ
كى توەنجاڭ، ايككى توەنفو، 4لەنجاڭ اورومچيگە حربى تعلـــم
آلماق اوچون كەلسون» دەب تليغرام كيليدو. محمود محيطـــى

ايبەرمەي ديسە، اورتا بوزولوب قاليشىدىن احتياط قيليب او زى
اشەنگەن آدەملەردىن غفور تۆەنچاك، قربان نياز تۆەنچاك، احمد
مخدوم، عبدالشكر، سيف الدين - افنديلەرنى چيقاريب بريدو.
بونىڭ آرقاسىدىن شىڭشى سەي، محمود محيطى نىڭ اچكى سيرى
و اچكى احوالينى بلمەك اوچون اونىڭ ياقين مصلحتچيسى و
مخصوس كاتيبى عبدالله داملا نعيمى نى اوروم چيگە چاقرتيلدو.
بو عبدالله داملا نعيمى نى اوروم چيگە ايبەرمەسلكنىڭ چارەسينى كـور
سيمو، شىڭشى سەيدىن تكرار تليغرام كەلگەنلكىدىن ايبەريب بيـ
رەي ديسە، شىڭشى سەيگە سير معلوم بولوب قاليشىدىن ايبەر
مەي ديسە؛ امرگە بوي سونماغانلق كيلب چقيشىدىن احتياط قلب
آخرى محمود محيطى «يورت فايداسى و سير ساقلاب قـالماق او
چون عبدالله داملا نعيمى نى برآرقا كوچادا كيتب بارغان جايندا اوغور
لوقچە آتيب تاشلاماقا قرار بيريب» آخرى بو پلاننى اجرا قلماق
بولوب تورغاندا، يانا اوزينىڭ ايشەنگەن صادق صفداشينى آتيب
اولتوروشكە يورەگى چيدىماي آخرى اولتورمەسلك و اوروم چيگە
قطعى ايبەرمەسلك كە توختايدو.

شىڭشى سەي نىڭ بو خيل حركتيگە چيداب تورالميغان محمود
محيطى، بونىڭغا قارشى هيچ قانداق برچارە تاپالماي، آخـرى
مركزى نەنجىن حكومتيگە ياردم تيلەب وشىڭ نىڭ بو خيل فوق العاد
دە حركتينى توسوماقا چارە كورمەكينى سوراب امين واحيدى،
مۆمين آخون ناملى 2 نفر آدامنى مخفى سورتدە نەنجىن گە ماڭ
دوردو. بولار باريب يورت دعواسى وشىڭغا قارشى حركتكە مش
غول عيسى بەگ افندى ايلە كوروشودو. عيسى بەگ افندى نىڭ
واسطەسى ايلە جاڭ ۋى يوەن جاڭ باشلق كوپ كاتتالار ايلە كورو
شوب توركستاندەكى بتون احوالنى دليل — اثباتلەرى ايلە اولار
غا آڭلاتيب، مركزدىن بونىڭغا چارە كوروب بەرەكينى اوتونودو.
بو كونلەردە چين — ياپون سوقوشى باشلانيب، بتون دولت بـو
خوف خطر آلدىدا تورغاشقا و مركز بتون كوچى ايلە ياپونغا قار
شى سوقوشقا مشغول بولغاشقا، تزدان توركستان مسئلەسگە قا
ريتا بيرەر چارە كورالماسلقينى نظردە توتوب مركز بو كەلگەن
وكيللەرنى «بز حاضر ياپون ايلە سوقوش اوستيدەمز، آز واقتتە
رى قيلب تورساڭلار، بز شىڭشى سەي نىڭ چارەسينى كوروب بريمز»



محمود محيطى

دېگەن جواب ايلە قايتورودو. بو وكيللەر يورتقا قايتىپ كەل-
مەك بولوپ لانجوغا كەلگەندە، اول موئمىن آخون چيگارادن مخفى
قەمولغا توشودو. بو آدام درحال شڭشى سەى طرەفىندى توتقونغا يلىن-
مو. امين واحيدى چيگارادن كير المای لانجودا توروب قالىدو.
1936 — يلى 9 — آيدا آپريسوف قەشقەرغە كيلىب: محمود
محيطى غا «مەن سز ايلە كوروشكيلى كەلدم، سز حاضرقى حكومە-
گە نارازى ايكەنسز. يالغوز اويغور حكومتى قوروشنى اويلايسز،
بونڭ اوچون ياپونغا 12 آدام ايبەرگەنسز، اونڭ بيرى موئمن آخون قول-
غا توشدى. اونداغ قيلماى برلك، اتفاقدا اوتوڭ» ديگەندەك سوز-
لارنى ايتىب محمود محيطى نى قاشىندا تورغان ابرخوف ناملى بر روسنى
الىب اوروم چيگە قايتىب كيتيدو. بو ابرخوف بولسا ارابالكين كەتكەندىن
صوڭ اونڭ اورنيغا كيلىپ تفتيشلەشنى الىب بارغان بر آدام.

مەحمودمحیطی آخری «قولومزدا قورال، عسکر تـوروغلو شڭشیسەیگە شونچەلك بوزەك بولومزمو» دەب 12 نچی آیدا زینڭ یاقین عسکر باشلقلەرندن اسمائیل بەگ، محیط فیض، یعقو تودن جاڭ، حەمد حاجیلارنی چاقریب مخفی مجلس آچیدو. بو مجل دە عسکرلەرنی تەرتیبکە سالیب تزدەن قوزغولوب سوقوش اچش دیگە قرارغا کیلیدو. بو اشقا حاضرلق کوروب تورغاندا، کیچك آخون تب محمود محیطیغا «بو طریقە سوقوشساق یوق بولوب کتیمز، ا غناخا پالق اوچون سوقوش اچیب، اوزیمزنی، عسکریمزنی هلا ایتیب، بویورتنی اولارنڭ قولیغا ایکی قوللاب تاشلاپ بەرگەندن هەفایدا چیقور، شڭشیسەینڭ یوغان تیرەگی بار؛ بر ایکی یلمدا قیلیشب تورساق، آخری بر فرصتی کیلیب قالور» دیگەن فکرنی کو سوتودو. مندا کیرەلەردن صوڭ بو فکر قبول کورولوب، بورونقی پلانو قتلق قالدورولودو. بو اورتادا بر نچی توەن قوماندانی حمید حاجی کبی آداملار اوزینی آقلاب آلماق اوچون محمود محیطینڭ بو سیر پلانینی لیوسی لڭ و ..... غا خبر قیلیب قویودو. بونی سیزیب قالغان محمو محیطـــی بو سببدن حمید حاجینی قماققا آلودو.

محمود محیطینڭ بو سیر پلانی شڭشیسەیغە آشکلانغاندن صوڭ رەاو، تا تیخیمو بوزولوشقا باشلاب، شڭشیسەی اونڭغا قـاریتا تیخیمو اوتکوررەك سوءقصد وچارە الیب باریدو.

1937 نچی یلی 2 نچی آیدا عید قربان کونلەری 2 نچی مصل حت بولونوب؛ بو مصلیحت بوینچە کهنە ـ یاڭی شهردەکی عسکر لارنی تمام یاڭی حصارغا یوتکەب کەتمەك، اوندا تورۇب اوروم‌چی نڭ بوعکسی موعامیلەسی اوستندە شڭشیسەی ایـــلە دیپشمەك؛ تونگانلار ایلە برلیشب اوزنانی توزوتمەك قراری قبول کورولودو. محمود محیطی بو پلانینی قوربان سعیدیدن سیرسپاقلاب کەلگەن بولسیمو، آخری فکر آلماق اوچون اونڭغا ایتیب کورگەندە، قار شیلق کورسوتوب، یوقورقی کیچك آخوننڭ فکریگە اوخشاش مصلیحت کورسوتودو. نتیجەدە بو پلان هم عملگە آشالمایدو. بو اش کیچك آخون کبی آداملار طرەفیدن حکومتکە آشکلانیدو.

شو یل 3 نچی آیدا بورون اوروم‌چیگە اوقوشقا کەتکەن غفور توەنجاڭ، قوربان یاز توەنجاڭ، احمد محمد وملار قەشقەرغە قایتیب کیلیدو. بولار بلەن برگە اوروم‌چیدن «محمود محیطینڭ عملدارلاری—

لىن 23 آدام اوقوشقا ايبەريلسون» دەب تيلغرام كيليدو. محمود محي
طى بو اوروم‌چيدن كەلگەنلەرنىڭ آلدـــ فكرينى سيناب كورمەك
اوچون غفور توەنچاك ايله ياشىرين صحبت اوتكوزودو. بو صحبت
ده بو اوروم‌چيگە باريب قايتقانلارنىڭ آلدـــ فكرى اوزگرگەنليكى
سيزيليدو.

آخرى شنك شى سەى محمود محيطىنى اوروم‌چيگە آلدوروب،
بوندا سوءقصد قيلىب يوقاتماق اوچون «اوروم‌چيگە كيلىڭ، مهم
مصلحت بار» دەب اوزى نامىدىن وخواجەنياز حاجم نامىدىن برنچە
نوبت محيطىغا تيلغرام قاقيدو. بو مسئله اوستيده محمود محيطى
اگر اوروم‌چيگە بارسام، بر تهلكە بار، بارميسام اميرگەخلاف
اش قيلغان بولومەن، بو سببدىن اورتادا بر واقعە توغولوب قالور
دەب غەمگە پاتيب ياقين آدامله‌رىدىن فكر سورايدو. اش بوجاى
غا يەتب كەلگەندە، بر قانچە يولداشلەرى: «املى مدارا قيلىب
اوتوشكە اورون قالميدى، سوقوش آچساق يەڭگودەك قوت يوق،
نتيجەسى انقلاب قيلغاندىن يورت‌نىڭ تنچليقينى ساقلاب، بر قانچە
مز چەت دولت‌كە چيقب كەتسەك نچوك» ديگەن فكرنى كورسو
تودو. بو فكرگە بنائەن محمود محيطى اورونوشدە اوروم‌چي
لگە بارىمەن دەب ياشيرين سورتدە چەتكە چيقب كەتمەككەحاضر
لق كورودو.

محمود محيطى اوروم‌چيگە بارغودەك ديگەن خبرنى آڭلاغان
قەشقەر، ياركند، فيض آباد، مركت، ياكى حصار خلقـــى اوزى
سويگەن بر ييتەكچيسينىڭ اوروم‌چيگە باريب برەر خوفكەاوچراب
قاليشىدىن انديشە قيلىب، «محمود محيطى اوروم‌چيگەبارميسا ايكەن»
دەب آرقيمو ـــ آرقا التماس يازيدو.

1937 نچى يلى 4 نچى آى نىڭ ايكنچى كونى جمعەتاڭ سحردە مح
مود محيطى اوزينىڭ صەفداشى، مسلەكداشلاريدىن موصول حاجم،
باى عزيزى، عبدالله داملام نعيمى، مايل آخون، شرف آخون،
ياسين قارى، عبدالحميد باشلق 35 نفر آدامينى الب، اوزى شبهە
دە بولسيمو، امما نيتى يامان ايمەس قوربان سعيدى گە بتون عس
كرينى قالدوروب اوز لارى هند ستانغا قاراب سفر
قيليدو.



مەحمود مەحیطی و اوذوڭ یولداشلری

مەحمود مەحیطی آقنو ( یاڭی حصارغا 40 یول ) غا یتیب بارغانلدا، لیو سی لك غا «حكو متدن دیلم آغریلدی، مكەگـە باریمەن حكو متكە هیچ خوف بولمایدو» دیگەن مضمونلا بر پار چە خط یازیب كر گوزودو.

# التنی شەهردە توپولاش

مەحمود مەحیطی یاڭی حصارغا كیلیب ،عیل نیازنی، قەشقەر دین یەقوب تۆەن چاڭ كەلگە ئلیە، قەشقەر احوا لینی بیلیب آرقادین كیلشكە یاڭی حصاردا قالدو روب بر پارچە خط ایلە نیاز تۆەن فونی ماخوسەن قاشیغا ەتكوزوب، اوزی هندستان طرفكە یـــروب كەتكەن ایدی.

مەحمود مەحیطی نڭ قەشقەردین چیقیب كەتكەنی معلوم بولغاندین سوڭرە 4. تودن دەكی یەقوب ایلە قربان یاز اورتاسندا تو قونوش بولوب هر ایكیسی یاریدار بولودو. یەقوبنی درهـــال حكومت قولغا آلیدو.

قەشقەردە قالغان مەحمود محیطی عسكرلری حكومتكە اطاعت قیلشقا كوڭللری اونامای اوز آراسندا عبدنیازنی باشلق سایلاپ یاركندگە سوروولودو. و خوتەندتورغان ماخوسەن ایلە پوتوشوب بلك شی سەیگە قارشی سوقوشماقا قارار بیریلدو.

ماخوسەن خوتەندە تورغان كونلەردە، شىڭ شى سەي اونڭغا
هم محمود محيطيغا قلغان معامىلەسىنى قلغان ايدى. اونڭ قا
شندەكي بر قانچە كشىلەرنى چەتكە اوقوشقا آلب چقب، اچكى
طرفدىن اونى بوزوشقا كرشكەن ايدى. بو كونلەردە ماخوسىدن
كورونوشدە شىڭ شى سەي امرىگە اطاعت قلغان بولوب بو قوز
غولاڭچىلەرگە قارشى چارە كورمەك بولسىمو، اچكى طرفدىن
اولەر ايلە محكم برلىشب الىدو.
عبد نياز 1937 نچى يىلى 5 نچى آينڭ 29 نچى كونى هجوم
باشلاب قەشقەر كوهنە شهرنى اشغال قىلىدو. ياڭى ـ ي حصارنى
محاصرەگە آلب تورغاندا، ماخوسەن كلب: «سيلەر اوروم‌چى
طرەفكە هجوم قيلڭلەر، قەشقەرنى مەن اوزەم آليمەن» دەب او
زى ق‍ـــەش‍ـــق‍ـــەر ي‍ـــا ڭ‍ـــي ش‍ـــه‍ـــر گ‍ـــە
هجوم باشلايدو. قربان نياز بتون عسكرلەرنى باشلاب اوروم‌چيگە قاراب
هجومغا يوروب، فيض‌آباد، مارالبىشى، ەرىكبت كلپىن، اوچتورپان، آقسو
آباد قاتارلىق جايلەرنى اشغال قيلىپ آقسوغا توپلانغان شىڭ شى سەي عسكرلرى
نى يىڭب اوتوب كوچار، شهيار، بوگورنى اشغال قىلىپ، اوروم‌چيگە هجوم
غا يوروشكە تيارلانىپ تورودو.
آلتى شهردەكي بوقوزغولاڭنى باستوروب آلماق اوچون شىڭ
شى سەي ايلى، چوچەك يولى ايلە اوروم‌چى آرقالى آلتى شهر
گە نچە يوزلەب ماشىنادا قورال، عسكر ماڭدوروشقا باشلايدو.
بتون آلتى شهرخلقى بو قوزغولاڭچيلارغا ياردم قىلىدو. نتيجەدە
شىڭ شى سەي اوز كوچى ايلە بوقوزغولاڭچيلارغا كوب تەڭ تورالماي
هر سوقوشدا مغلوب بولودو.
نتيجەدە بوقوزغولاڭنى باستورماق اوچون اوچطورپان، آر
توش ... 3 جايدىن آيروپلان، تانكالق عسكرلەر پيدا بولوب، بو
سوقوشقا قاتناشيدو. بورون محمود محيطى قول آستىندا اشلەگەن
اسحاق، مولانىلەر اوز گروهىندەكى آدامەلەرنى اويوشتوروب قايتا
دن عسكر توزەب ياڭى قورالەر ايلە قورالىنب آرقا طرەفدىن بو
قوزغولاڭچيلارغا هجوم باشلايدو. بو آسمانىدىن 20 لەب آيروپلان،
يەردن 20 لەب تانكا ايلە قيلغان هجومدا بوقوزغولاڭچىلەر آلدى
راپ قالىدو، عاجزلايدو.

ماخوسەننىڭ ساتىلغان مالوي جاڭ ئاملى بىر ئادەمى چىگرادا ئو
روپ، ماخوسەنگە زور خىيانەت ئىشلەيدو.

ئوشتومتوت بولغان ھجومدا ماخوسەن ياشقىلىپ ياركەندگە سورولودو. بوندا ھەم تورۇشقا ئىمكان قالماي، 9 — ئاينىڭ 9 — كونى ھىندىستانغا ئوتوپ كەتىدى. ماخوسەن كەتكەندىن سوڭ ئونىڭ ئەسكەرى ئىككىگە بولونوپ كوبرەگى مالوي جاڭغا ئىطاعت قىلىپ قالغان قىسمى خوتەنگە سورولوپ آلودو.

قوربان نىياز ئەسكەرلەرى ھەر قانچە قىلسا گارلىق كورسەتسەمو آخرى آيروپلان، تانكالىق ھجومغا چىداشلىق بىرالماي چىكىنەشكە مەجبور بولودو. بر بولەمى راسكام تاغىغا، بر قىسمى كرىيە آرقالى قاراقوروم تاغقا، يانا بر قىسمى گانسو طرەفكە قاراپ چكىنىدو. نتىجەدە بو قوزغولاڭچىلەر چوللەردە آيروپلاندىن ياغدىرولغان اوق آستىدا كوپى شەھىد بولودو. قىلانلەردىن 50،000 گە قەدر آدم چىقم بولودو. شونداق قىلىپ آلتى شەھردە كوتورولگەن بو قوزغولاڭ نتىجەسز تمام بولودو.


يولبارس بەگ

آلتى شەھردە توپولاڭ كوتورولگەندە، قمولدا يولبارس بەگنىڭ يىتەكچىلىكىدە شىڭ شىسەيگە قارشى حركت قوزغالغان ايدى: سبب، قمول ھەم چىگرا جاي بولغانلىقدىن بو جاينى اوز قولى آستىغا آلماق اوچون يولبارس بەگكە تورلى سوءقصد اشلەتكەن ايدى. آخرى يولبارس بەگ ھم شىڭ شى سەي ايلە سوقوش قىلماقدىن فايدا چقمايدىغانلىقىنى بىلىپ اچكى چىنگە اوتوپ كتىدو. شونداق قىلىپ، شىڭ شىسەي آلتى شەھر قمولنى اوز قولىغا آلغاندىن سوڭ اوجايلاردا ھەم نقطە لەرگە اوزون چاپانلق عسكرلەرنى اورونلاشتوردى.

# خواجه نياز حاجى نىڭ عاقىۋىتى

آلتى شەھەردە محمود محيطى، آلتايدا شرف خان تورە، قمول
دا يولبارس بەگ ملى قورالليق عسكرلرنى اوزقولىدا توتوپ
تورغانلىقىدىن اوروم چيدە عسكرسىز حالدا يالغوز تورغان خواجه
نياز حاجىغا شىڭشىسەى. برسوۋقصد اشلەشكە جرعت قىلالماغان
ايدى. شىڭشىسەىنىڭ پلانى اوەل قورال توتقانلارنى يوقوتوپ،
آندىن قورالسىزلارنى يوقاتماق بولغانلىقىدىن بتون سوۋقصد پلانىنى
قورال توتقانلارغا قاراتقان ايدى، بو پلانىدا موافق بولغانــدىن
صوڭرە كوزى خواجه نياز حاجىغا توشودو. باشدا خواجــه
نياز حاجى قاشىدا بولغان يونس بەگ، كريم حاجى كبى آدملر
نى تورلى منصب ايلە اونىڭ قاشىدىن آيريب، منصور افندى كبى
دملەرنى حاجى قاشىغا قويوب حاجىنى نظارت آستىغا آلغان ايــ
مى. حاجىنىڭ بتون اطرافى جاسوسلر ايلە اوراليب، اونىڭ مح
مود محيطى، يولبارس، شرفخان ايلە بولوديغان علاقەسىگە اه
مكان بيريلمىگەن ايدى. شونىڭ اوچون خواجه نيازحاجم، محمود
محيطىنىڭ جنوبتەكى حركتىدىن بتونلەى خبرسىز قالغان ايــمى.
مسئلە خواجه نياز حاجىغا كەلگەندە، شىڭشىسەى پــلان
بويىچە خواجه نياز حاجى اوستىگە «محمود محيطى، يولبارسلەر
خواجه نيازنىڭ يول يوروغى ايلە حكومتكە قارشى دصيان كوتور
دى. اطرافدا قوزغولاڭ كوتورولگەندە» اوروم چىدە خواجه نيــاز
باش بولوب ياڭى حكومتنى آغدورماق بولغان. بونى بولساجهانــ
گيرنىڭ قويروغى» ديگەن بوهتانىنى آرتيب هربر يورتنىڭ مهم آدە
ملەرى، واليلرى، حاكملرى باى، ملالرينى قوشوب برنوبتدە 80دن
آرتوق آدمنى قاماققا آلودو.

خواجه نيازحاجى باشلىق منور آدملەرنىڭ قامالغانلىقى ايلە بتون
خلقنىڭ اوميد چراغى اوچودو. شىڭشىسەى نىڭ بو انقلابچيلارغا قلــ
غان خيانتى، اوزينىڭ آلداماچيلىق سياستى ايلە پاش بولودو. ديمك
ايللىق انقلاب، بيريلگەن قربانلار بيكارغا كەتكەن بولودو. هر
سوقوشدا غالب كەلگەن بومنور آدملەر سياستسىزلىكىنىڭ، تلبىر

سەرلىكىنىڭ قربانى بولوپ توگەيدو. اەماخلق ايكنچى بر انقلاب
كوتورمەك خيالىغا توشكەن بولسەو، اەماشڭشىسەى اوزينىڭ
مخفى خدمتينى هەمەجايغا يايىب خلقنىڭ بر اركن سوزقلماقيغا وبر
حركت اويوشتورماقيغا امكان قويمايدو.

## شڭ شى سەى نىڭ ادەم قاماش حركيتى

شڭشىسەى برنچى قاتم 1937 انچى يلى 4- آيدا خواجە نياز
حاجى باشلىق كاتتالارنى قاماققا آلغاندىن صوڭرە، هر يلى 4-
آيدا برنوبت آدم توتوش حركتينى باشلايدو. بوندىڭ اوچون برچا
رە قيلىب هر يلى ديگودەك خلق وكيللرى قورولتايى ديگەن نام آس
تىدا قورولتاي چاقريب هر يورتنىڭ منور آدملەرينى اوروم‌چيگە چا
قريدو؛ يول آچيب آلماق اوچون بوكلگەن وكيللرنى بوايكى قاتم
آمان قايتورغان بولودو. باوئەن جوى (سياسى تفتيش) ادارەسى
آرقالى هر بر جايدا توتوشقا لايق آدملەرنى تكشوروب اولارنى
تزيمغا آلودو. هر يلى 4- آيدا بو تزيم بويىچە بعضيلرينى اوزجا
يلىدا، بعضيلرينى وكيل بولوب اوروم‌چيگە كلگەندە توتقوزغا
آلودو.

آلتايدا دخى آمان تورغان شرفخان توردنى قولغا توشورمەك
اوچون 1938- يلى كوزدە قرغز - قازاق قورولتايى ديگەن نام آس
تىدا بر قورولتاي آچيب، شرفخان تورە باشلىق كوب قازاق كاتتالري
نى اوروم‌چيگە چاقرتيب كيلىب، قورولتاي داوامىدا بولارنى قاماق
قا آلودو. بتون خلقنى ايكنچى قوزغولالمايدىغان حالغا كلتورمەك
اوچون «قورال سايمان يىغش» حركتينى قوزغاب خلق قولىدا
بولغان قوراللارنى يىغيب الشقا باشلايدو. شرفخان تورەنىڭ قاما
لغانينى آڭلاغان آلتاي خلقى قوزغولاڭ كوتورودو.

اوتكەن انقلاب داوامىدا اقتصادى ياردم بەرگەن بايلارنى
ويغى تشويق قيلىب خلقنى قوزغولوشقا دعوت قلغان مللارنى قاما
قا آلغاندىن تاشقرى خلقنى اقتصادىن بوغماق، يول كورسەتكو
دەك عالملارنى يوقاتماق اوچون كوب بايلار، مللارنى قاماققا آلو
دو. مال مەلكينى مصادرە قيلدو. 1939 انچى يلى عبدالله داملا، قر

بان سيعدى، آباو، قربان نياز باشلق كوب آدم قاماقغا توشودو.
هريلى شونداغ قاماليش آرقاسندا 1942- يلىغا قدر هربرملتدن
يولوب 100:000 دن آرتوق آدم قامالدو.

## شنگ شى سەى نىڭ وحشيلىگى

آلتى شهرده كوتورولگەن قوزغولانڭ باستورولغاندن صوڭ آدم
توتوش اشى باشلانيب شنگ شى سەى، ماخوسەننڭ تسليم بولغان
عسكريلدن 5000 نفر آدمنى تكلى مكان چوليگه هايداپ كريب
پوليەوتقا توتوب اولتورودو. 37 نچى يلى نچى آيدا قەشقەر، يار
كنلدن 350 نفر ضيالى آدمنى قاماققا الب اولتورودو. شو يلى يار
كنلده 400 نفر آدمنى تكلى ماكان چوليگه كيچەسى هايداپ كريب
بوغوب چاپيب اولتورودو. شو يلى 12 نچى آيدا قەشقەرده قاماق
تا ياتقان 6000 آدمنى قەشقەر جنوبى سيلكبو اچيده مخفى اولتو
رودو. 11 نچى آيدا خوتەنده برقانچه ناحيەدن قامالغان 400 آدم
نى كيچەسى تكلى مكان چوليگه الب باريب اولتورودو. 37 نچى
يلى آقسودا قامالغان آدمدن 100 گه قدر كشينى كەلپن تاغى اچي
گه الب كريب اولتورودو. 41 نچى يلى 8 نچى آيدا خواجه نياز ها
جى، شرف خان توره، يونس بەگ، ماوەنلو، مافاواو، خوالڭزو
شين، محفوظ والى، بوغدا باى، تورسون بابا، حسن يانگالفتود
دى آخون باى، صوفى شەنجاڭ، نيازاخەن، اسماعيل داتو، سا
لح دورغا، گوسول، باقى نياز حاجى، حيدر افندى، تمورغلى، صو
فى زاده، زەيدن كاروان، كمال افندى، عباس افندى، بوقات،
خيلل، رقت، جاڭشين، چلكددلى بولوب هر برملتدن 895 آدمنى تور
مەده وەيى پاوچلك گوك تاغدا اولتورودو. 42 نچى يلى 4 نچى آي
دا آباو باشلق 366 نفر آدمنى اوروەچيده تورمەده اولتورودو. بو
نڭ سرتندا توزلى جايدا توزلى اصول ايله اولتورولگەنى هم بەك
كوب.

## سيراق تورمەلەر

شنگ شى سەى آدم قاماشقا باشلاغاندن تارتيب هر بر چوڭ شهر
گه بردن ايكيدن تورمه قوردى. بو تورمەگه سولاغان آدملەرنى
كيچەگەن كونيدن اعتبارا ئ بار- يوقليغنى معلوم قلماى سيرسالا

دى. تورمە و تورمەگە سولانغان آدملەر حقندە هېچ قانداق بر سوز
قلماقغا ارکینلك بەرمەیدی. حتی تورمەگە توشکەن آدملەرنىڭ خا
تون- بالا- چاقاسى تورمەدە یاتقان کشیلری ایلە بر ەر قاتم کو
روشالیشی اویاقدا تورسون مېنىڭ پالانچى آدەمىم تورمەگە توشـ
کەن دیگەن سوزنى آغزدن چقيرالماس حالغا کەلدی. قایداقلا
برعائیلەدن بر ەر کشی تورمەگە توشکەن بولسا، او عائیلە «خائنە
لەر عائیلەسی» حسابلانیب، خلق و اوروغ- توققان، خولوم- خوشـ
نالری مذکور عائیلە ایلە باریش- کیلش قیلشدن قورقودیغان بولدی.
تورمەگە توتوش اصولی بولسا، «دوبەن چاقریواتیدو، پالان
چی آدم سەن ایلە کوروشمکچی، پالانی جایدا مجلسکە چاقری
واتیدو، برآزغینا ایش باریدی» دیگەندەك سوز ایلە کوپـرەك
کیچەسی اویدن یا کی کوچادن توتوب ماشیناغا اولتورغـوزوب
اودول تورمەگە الب باریش بولغان. اورومچـیدە فـوق العـادە
تورمەدن باشقا اون نچە جایغا تورمە قورولدی. هریلی 4نچی آیدا
آدم توتولغاندا، کوهنەلریدن بر قسمی اولتورولوب، اولرنىڭ اور
نی یا کی کرگەنلەرگە بوشوتولوب تورولدی. تورمەنىڭ هر براو
یندە 2دن/گە قدر آدم بولوب، براویدە کیلەر 2نچى اویدە کیـم
بار یوقلیغیدن خبرسز یاتیدو. یەمەکى قایناق سو، قاسقان نانیـ
دن عبارت. تورمەدە یاتقانلارغا بیریلیدیغان تماق برنچە تورگە
بولونودو. برنچى درجەلى تماق بیگوچیلرگە سوت، توخوم، گوشت
یاغلق تماق بیریلیدو. 2نچى درجەلك تماق بیگوچیلرگە سوت، سەی
اك تماق بیریلیدو. 3نچى درجەلى تماق بیگوچیلرگە تماغى اوخـ
شاش، کوك تاتى آیزیم بریلیدو. کوپچولیگى عادتدەکى تورمە
تماغى ایلە قورساق باقیدو. برطرفدن تماقنىڭ عاجزلیغى، یەنە بر
طرفدن یللەر ــ یللەر کون نورى کورمەى یاتقانلقى آرقاسندا
انسانلار عاجزلاب تماق سیڭمەس حالغا کیلیب تورلى کیسەلـگە
اوچراب اولودیغان بولدی. کوپ «گناهکار» لەرنىڭ اولوگى «یان
بیرشى» ناملى تورمە دوختورخانەسیدە قالدی. علما بولسون، کاتـ
تالەر بولسون جسدلری ایت، ایشەك اورنىدا تاغ توشوکلریگە
تاشلاندى. ایگە چاقالری تیریکیگە ایگە بولالماغاننىڭ اوستیـگە
اولوکیگە هم ایگە بولالمیدی.

سوراق ايشلرى بولسا، دومەلانغانلارغا هېچ بر گناه بولماسا
هم، يالغاندن اوزلرى اويدورغان تولا گناهلەرنى آرتيب «ياپون
غا قاچان ساتيلديڭ، نيمە اوچون انگليەگە جاسوس بولدىڭ؟ آلـ
تى ساعاتكە قارشى چقماق بولوپسەن، قاندا غ تشكيلات قوردوڭ»
ديگەن كبى سؤال سوراب، بوياپون، انگليه توشىگە كرگەن
آدملەرنى تورلى اصوللار قيناب شوجنايتلرنى اوستيگە آليپ قول
قويماقىغا مجبور قيليدى. «يوق مەن اوندا غ ايش قلغانم يوق» دەب او
زينڭ راستلغنيا چڭتوروب آلغانلارنى تورلى وحشيانە عذابلا
اولتورودى.
حتى اوزينڭ نيمە اوچون تورمەگە توشوب قالغانيني بلمەى
سوراقسز 7 - 8 يللار ياتيب كەتكەن آدملارنڭ هم سان ـ ساناغى
يوق. سوراققا تارتيلسا، تورلى عذاب چيكەچەگيني بيلگەن بو
بيچارەلەر گناسى بولماسا هم اوزينڭ سوراققا تارتيلماي ياتقانلي
نى اوزى اوچون زور بخت دەب حسابلار بولدى.
تورمەنڭ بتون خذمتكارلارى سياسى تفتيشلەر بلەن تولغان
لڭ اوستيگە هر بر تورمە اويلرى هم «گناهكار» لەرنڭ گەپ ـ
سوزيندن خبر تاپيب تورەرق اوزرە يالغان گناهكار صوفەتندەكير
گوزولگەن خفيە گناهكارلاردن خالى بولالميدى. ديمەك تورمەدە
ياتقوچيلەرگە هم ايركن سوزلەش امكانى قالميدى.
سوراق اوستيدە قيناش اوصوللرى بولسا، آلقانغا مىخ قا
قيش، قولغا، اوشوققا باستوروب توروب اوروش، جان يېريگە
قلتيقش، ميڭەگە مىخ قاقيش، ترناق توبيگە يڭنە قاقيش، قزتقان
تمورگە دەسسەتيب تورغوزوش، باشيني توبەن قيليب آسيب قو
يوش، بيرەر هفتە سوبەرمەى اوخلاتماي اوره توروغوزوش، گاڭ
زاغا باسيش، كومور اوگاغي اوستيدە پوكوندوروب اولتور
غوزوش، باشيني سيقيب كوزيني چيقاريش، باشيدەكى چاشيني
يولوش، موز اوستيدە تورغوزوش، قينالىب اولگەن آدملارنڭ او
لوگيني كورسوتوش، توك بيريب قيناش و باشقا تورلى چارە
لەردن عبارت.
اولتوروش اوصولى: ميڭەگە قزتقان تمورنى تيقش، آغزي
غا زهر پاختا تيقش، تيريك تورغوزوب كوموش، اوروب اولتو

روش، چاپیب اولتوروش، تاغارغا سولاب جادىدا تـــوغراش آرد
غامچا ایله بویوننی بوغوش، زهر اوچروش؛ بنزین چاچیـــب
کویدوروش، غزا تماق بەرمەی آچدن اولتوروش، آتیب اولتو
روش و بوندك سر تدا دخی معلوم بو لما غان تـــور لـــی او
صوللەر.

## مخفی تفتش ایشلەری

شلڭ شی سەی حاکمیت اوستیگه چقان کوندن باشلابسیا
سی تفتش اشیگه جلدی کیریشدی. برنچی قاتیم گواڭذەن‌جوی
(گیچو) ادارەسی قوردی.. بو خدمتنڭ اوصولی حقنده غـــایبدن
کەلگەنلەر کوب یول کورسەتدی. تشکیلی کیڭەیدی. مخفی
خدمت قیلغو چیلار یلدن ـــ یلغا کوپەییب. ادارەلەر، عسکرلەر،
مکتبلەر، صنفلار؛ کوچالار، سحرالار، تاغلار و تورلی کسبدەکی
آدملار بو خفیه لاردن پاك بولالمیدی، بو خفیه آدملەر بر هفته اچند
ده معلوم کشیلەر اوستندن بر نچه پارچه معلومات یازیب بریش
كه مجبور. بو خفیەلەر شونچەلك حقوقلوقکی، ناظر، والیلار اوسه
تندن معلومات برالایدو. اولارنی توتوب قماققا تاپشورالایدو.
بر ساقچی ادارەسینڭ حقوقی دوبەن نڭ حقوقی ایله برابر توررو
دیغان بولدی. نتیجەدە بالا، اوز آتاسی قاشندا، آتا، اوزبالاسی
قاشندا بیرەر سوز قلشدن احتیاط قیلدیغان بولدی. 5 آدم بارجای
دا، اونڭ بیری خفیه بولیدیغان بولدی. خلق «یاشاسون یاڭی
حکومت، یاشاسون شلڭ دوبەن» دیگەندن باشقا سوزنی ایتشقا قور
قودیغان حالغا کیلیب قالدی. بتون دولتیمزدە بواەیغان فقیرالارغا
گواهنامه بیریش، یول خط بیریش اشلەری یوزگوزولدی. بر
آدم بر شهردن 2 نچی شهرگه بارسا، یول خطسز بارالماس بول-
دی. شلڭ شی سەی خفیه اوچون آدم اشله تشده بیری حکومت
که حقیقی صادق آدمنی، بنا بیری حکومتکه صادق ایمەس آدم-
نی اشلەتدی. حکومتکه صادق ایمەس آدملارنی خفیه اداره
سیگه باغلاب الب، اولارنی بر ـــ بری اوستندن جاسوسلوققاسا
لیب اولارنڭ اورتادەکی ایشەنچیسینی یوقاتدی. مثلا. بوندداغ

خفیه لرنڭ اوستندن تكشوروش آلب باریلیغان فوق العاده خۇ
یەلەر بلگو لەندی. دیمەك شڭ شی سەی بتــون اشینی منا شو
خفیه اشلەریگە سویونوب اشلەدی. بتون خلق اومچوك توریغا
بــا غــلا نــغا نــلەلك تــور غــا بــا غــلا نــیــب
قالدی.

# شیڭ شی سەی نڭ 10 یل لق حاكمیتی

شڭ شی سەی نڭ 10 یللق حاكمیت دوری، آدم قماش، اول
تورۇش، چاپیش، خلق ایر كنلیكینی بوغوش، خلق ملكینی مصا
دیره قیلش، خلق معارفیغا خیانت قیلش ایله اوتدی دیسەكەو،
ینا بر طرەفدن اونڭ دوریندە میدانغا چققان تورلی یاڭیلق تور
لی اصلاحات اشلەرندن كوز یومۇب اوتالمایمز.

بونڭ دورندە معارف جهتدن میداندا كورولگەنلەر بولسا: 10
یللق دور اچندە 1.664 نفرساقچی زابط، حكومت قاراماغندا
580 باشلانغوچ مكتب؛ 903.33 نفر اوقوغوچی، اویوشما قاراماغ
دا 1.883 باشلانغوچ مكتب، 180.035 نفر اوقوغوچی میدانغا چق
دی، اوزتا مكتب، دارالمعلمین بولوب بو مكتبلەردە 3.974 نفر
معلم یتشدی. خلق معارفی اوچون حكومت قاراماغندا 266 سا
وادسزلار مكتبی، اویوشما قاراماغندا 740 مكتب قورولدی. حكو
مت قاراماغندا 15.952 نفر، اویوشما قاراماغندا 138.444 نفر آدم
ساوادلق بولدی. بونڭ سرتندا 22 كتب مكتبی 12 دارالایتام،
81 قلوب، 32 باغچە قورولدی.

صناعت جهتدن بتون اولكودە 1.725 كیلو وادلق ایلكتریك
قوتی، 3 جایدا یغاچ زاوودی، 4جایدا اسپرت زاوودی، 6 جایدا
عراق زاوودی، 4 جایدا توقوما زاوودی، بر جایدا سرەنگە زاوو
دی. برجایدا باسما زاوودی قورولدی. 3.423 كیلومیتر اوزونلقدا تاش
یول یاسالدی. 25 توننالق 2.439 كوبروك سالندی، 35.963 كیلومیتر
اوزونلوقدا 1.568 دانە اوستەك چاپلب، 4.946.665 مو یاڭی یەر
آچیلدی.

چەت دولتلەن تورلى نسللك آت، كالا، قوى بولوب 338،10دا؛
چاروا مال كەلتورولدى. 58 جايغا مال دوختور خانە، هربر
ناحيەگە ديگودەك نسللاندوروش ادارەلەرى قورولدى.

قمولدن كوتورولگەن انقلاب آياغلاشقان كونلەردن باشلا،
بو يورتدا ملتچىلك، ملى آلڭ اوسوشكە باشلاغان ايدى. بوندا
اوچون شڭ شى سەى اوز دورندە تورلى يوللار ايلە بوندا
آدملارنى «تار ملتچى، جهانگير قوىروغى» ديگەن نام آستندا ي
قاتلدى. شڭ شى سەي دەلەب حكومت باشغا چققان كونلەردە
اويغور، تونگان، قازاق و باشقالارغا بەرگەن اورونلارى آستا -
آستا تارتيب آلدى. يەرلى خلقدن قمالغان بر ناظرنڭ ياكى بر
هاكمنڭ اورنيغا ينا شو خلقدن قويماى باشقالاردن قويوشقا باش
لادى. يەرلى خلقغە آخرى باريب ساقچيلق، مالايلق، قارا خذمە
كارلق، معلملك اورون قالدى. كوزگە كورونگوديك اورونلا
برمو يەرلك آدم قالدورولمەدى. كيينكى يللاردا معارفنى قسماق
بولى ايلە يەرلى خلقنى معارفدن قاچورماق اوچون 1941 نچى
يلدن باشلاب دار المعلمين، اورتا مكتبلەرنڭ حكومتدن بريلب
كەلگەن تامىناتينى بەرمەس بولدى. بوچارە، اطرافدن اوروم-
چيگە كيلب اوقوغوچىلار اوچون زور بر ضربە بولدى: باشلانـ
غوچ مكتب راسخودى قسقارتيلدى. معلملارنڭ تامىناتى يلدن -
يلغا آزايدى. معلملار يلدا برەر قاتيم كيم آلب كييشن بوياقدا
تورسون، يلدا بر قاتيم كوينەگينى يوتكويالماس، قورساغينى
تويدورالماس حالغا كەلدى. كوب معلملەر قمالدى. خلق باليلا
رينى اوقوتوب كوب زيان چەكدى، اونڭ اوستيگە ياڭى مكتب
دە اوقوغانلارنڭ دينى اعتقادى عاجزلاب، معلم اوقوغوچيلەر آرا
سندا دينگە قارشى تورلى سوز، حركتلەر پيدا بولدى. بوسبب
دن خلق اوز باليلارينى مكتبكە بيريشدن بەزدى. تورپان، آستانە
دە نەى گولاڭ، قاسم قارى؛ عبداللطف كبى آدملەر قلوب سالماق
اوچون خلقنڭ نماز اوقەب تورغان مسجدينى بوزدى. آقسودا هم
شونداق حركتلەر بولدى. منا بونداغ واقعەلەر آرقاسندا هربر
جايدا قورولغان ابتدائى مكتبلەر باليسز قالدى. اورتا مكتب،
دار المعلمين گە اوقوشقا كەلگوچيلەر آزايب توگودى.

شنگ شی سەی بو یول ایله بر طرەفدن معارف ساحەسندەگی لارنی خلق سوزی بوینچە «افندیلەرنگ اویگە کیریب قالغان چاشقان یەیدیغان نرسە تاپالمای هاسا تاپانیب چقیدو» دیگەن حالغا کەلتوروب قویغاننگ اوستیگە، یمان تربیە بیریب، معلمەر ایله خلق آراسندەکی مناسبتنی بوزدی. افندی دیسە خلقنگ چاچی تك ثورار بولدی. زیالیلەرنگ، یاشلارنگ خلق آلدیندەکی آبروینی توشوردی.

آلتایدا قوزغولانگ جلدیلەشکەن کونلەردە، برمونچە یەرلی یاشلارنی بولسا، سوقوشقا سالش؛ بولمیسا؛ تاللاب توپلاب یو قاتماق خیالی ایلەنمو آلتی شهر؛ توزپان اطرافندن نچە مکلاب یاشلەرنی «اوقو تومز» دیگەن نام آستندا اوروم‌چیگە پیاددهایداب چیقب؛ بر قسمینی یول یاساش، آکوب قازدوروش اوستەك چاپدو دوشقا سالدی.

قالغان بر قسمینی آلتای سوقوشغا آلب باردی. بولارغە قوروق ثاندن باشقا هیچ قانداق بر تماق بیریلمەگەنکەن کوپی تورلی کی ستەن ایله اولدی. بولارغا خوددی سوقوشدا اسیر توشکەن عسکرلرگە اوخشاش معامیلە قیلدی. بو سببدن اون مکدن آرتوق یاش ضایع بولوب توگودی.

بو اون یللق ددور اچیندە مصادیرە قیلش، زایوم چقاریش پای توپلاش، حال سوراش کبی اصوللار ایله خلقنگ بایلیغینی اوز یانچوقیغا توپلاب آلدی.

## آلتای قوزغولاثی

شنگ شی سەی تورلی چارەلر ایله خلقنی ایکنچی باش کوتورالماس حالغا کلتوروب آلغان بولسیمو، اما آلتایدەکی قازاق خلقی اونگغا باش اگمیدی. قوزغولوشقا جرعت قلالیدی.

آلتایدا شنگ شی سەیگە قارشی برنچی قوزغالیش شرف خان تورە قامالیش ایله باشلانیلدو. شرف خان تورە بولسا، بتون قا



شرف خان توره

زاق خلقینك سویگەن، اعت
قاد باغلاغان عقلی بر آدم
بور. بو شرف خان توره مه
گونك 16 انچی یلیدن 8 انچی
یلیغا قدر بوُلتوقای غا حا
کم بولوپ تورغان کونلرینه
یه، یاك؛ جکلەرنك توُرلی
یامان حرکتلریگه قارشی نا
راضیلق یورگوزو دو. بو
سەبلەن شرف خاننی اوروه
چیگه آلیو روب بر نچه
زمان بوش یـا تقـو
زوب قویـوب، کینچـه
عسکرلرگه اوزوق یتیشتو
روب بیریش خدمتی ایله
قمول انقلابی غا ایبەریلو.
بوشرف خان تورەده قمول
انقلابیغا خیر ــ خواهلق؛
جلك غا قارشیلق حرکت سیز یلگەنلکدن حکومت طرف توتـ
ماق بولغاندا، 9 انچی یلی روخصتسز آلتایغا قاچیب باریب آلـو
دو. 22 نچی یلی 4 نچی آینك 5 نچی کونی آلتایدا جلك غا قارشی
قوزغولاك کوتورولودو. شویلی 9 نچی آیدا گوچوکدن ماجـوك
یی طرفدن ماخی یك آلتایغا باریب: آلتای خلقی ایله برلکـده
بتون آلتاینی قولغا آلیدو. بوقات بەیزی سارسومبه گه حاکم بولودو؛
ماجوك یی ایله خواجه نیاز حاجی اورتاسی. بوزولوب شلك
شی سەی حکومت باشیغا چقاندن صوك حکومتدن وکیل بولوب
بورهان افندی آلتایغا باریدو. بو اورتادا شرف خان توره خواجه
نیاز حاجی طرفکه اوتوب، ماخی یکغا قارشی سوقوش قوزغاب ما
خی یکنی چوچه ککه سوروب چقاریدو. بورهان افندینك تکسـ
لیفی ایله شرف خان شلك شی سەی ایله برلیشیدو. 22 نچی یلی اـ

ئاي 13 نچى كونى اوروم‌چيدىن كلگەن امير بوينچه شرف خان آلتايغا والى و جكيى سلك بولوب اولتورودو. شوندىن صوڭ خلق معارفينى ترققى قيلدوروش ايشى ايله مشغول بواودو.

شلكشى سەى پىلان بوينچه خواجه نياز حاجى كبى كاتتالارنى قاماققا آلغاندىن صوڭره، املى شرف‌خان تورەنى قاماققا آلماق اوچون 28نچى يلى (موندىن صوڭغى يللار چين جمهوريتىنلڭ يلى بوينچه كورسوتولودو) قازاق، قرغيز، موڭغول وكيلەلرى قورولتايى ديگەن نام آستيدا برقورولتاى آچيلدو. بوقورولتايغا شرف‌خان، ابەنوالڭ؛ بوقات بەيزى كبى قازاق كاتتالرينى چاقريلدو. 8- آيدا قورولتاى اوستندە يوقورقى كاتتالارنى هيچ بر گناهسز قاماققا آلودو. بونى آڭلاغان آلتاى خلقى نهايتى زور غضبكه كيليدو. اشنلڭ آلدينى آلماق اوچون شلكشى سەى قورال سايمان ييغيش حركتينى قوزغاب آلتاى وباشقا جايلارغا قورال سايمان ييغيش تورگومى ماڭدورودو. آلتاى خلقىنلڭ بتون كاتتالرى اوروم‌چيدە بولوب قالغانلقدىن قازاق خلقى اوزلرى قايداغ چارە كورمەكينى ايزدەيدو. آلتايداخويە اشلرى بك جلدەيلاشيدو. املى آلتاى قزيللاشقودەك ديگەن پارالڭ آڭلانب باركول قازاقلرى گانسو، چڭخەيگە قاراب قاچشقا باشلايدو. قاشقى موڭغوليەدىن كيلب قمولغا معاون والى بولوب تورغان آباو بو قاچيب تورغانلارنى توساشقا كريشيدو. الەنوالڭ، عالم تەيجى؛ كەكەن تەيجى، كوكوناى تەيجى، مقاش، بەدى‌قتارلق آدملەر قاماليدو. جواسەلى برآدم آلتايغا باريب، بتون آلتاى باشلقلرينى سارسومبەگە توپلاب قورال ييغيشقا مجبور قليدو. شرف خاننلڭ آلتايدا قالغان باش كاتيبى مڭكاى (بوقاتنلڭ آتاسينلڭ اينيسى) خليل كبى آدملەرنى توتوب پوتقوليغا كيشەن سالب آيروپلان ايله اوروم‌چيگە الب‌چيقب قامايدو. قازاق خلقينلڭ دينى يتەكچيسى 70 ياشار آقت حاجىنى قاماققا الب، اونلڭ نورغون قرآن، كتابلرينى آياق آستيغا تاپيب كويدوروب تاشلايدو. بو آدم بولسا توركيه و ياقين شرق مسلمان دولتلريگه باريب قايتقان مشهور بيلملى برشاعر ايدى.

مونداغ تورلى ناحق ظلومغا چىداشقا تاقىتى قالماغان آ
تاى خلقى قوزغالماققا مجبور بولودو. 29نچى يلى 2نچى آ
2نچى كونى كوكتوقاى حاكمى خلقدن قورال يغماق بولـو
شاكورتى، ديگەن جايغا كەلگەندە؛ حاكم وقورال يغشقا كەلگەن
حكومت آدملرىنى خلق اولتوروب قويودو. بوواقعەدن صوڭر
رەسمى «قوزغولاڭ كوتورولوب» اسمقان تەيجىنىڭ باشچىلىگىدە
انقلاب باشلانىدو. دەستلەبكى سوقوشدا آقتكە، نوغاى باى، ا
گورداى شهيد بولودو.

بو قوزغولاڭ زورايىب حكومت عسكرلەرىنىڭ قوراللارىنـى
قولغا توشوروب آلودو. اورومچىدن قورال يغماق اوچون بارغان
حونامىلى آدم آلتايدا ياڭسى لىڭنى قالدوروب اوزى اورومچى
گە قايتىپ كەلدو. نتيجەدە بوقوزغولاڭ 2نچى آينىڭ 19نچـى
كونىدىن 9نچى آينىڭ 9نچى كونىگە قدر دوام قىلىدى.

شڭ شى سەى اورومچىدىن كوب كوچ ماڭدوروب سوقوشقان
بولسىمو، نتيجە چىقار الميغانلقدىن قوزغولاڭچىلەرنى سولحگە تك
ليف قيلىدو. بو تكليفنى قوزغولاڭچىلەر قبول كوروب حكومت
كە: 1 — ساقچى ادارەسى بوق قىلىنسون، 2نچى، شرق تاغ —
لدا (كوك توقاى، چىڭگىل) حاكملرنى قازاق خلقى اوزى ساي
لاب آلشقا يول بەرسون، 3 نچى قامالغان قازاق كاتتالرى وباش
قا انقلابچىلەر آزاد قىلىنسون، 4نچى قوزغولاڭدا وەيران بولغان
خلققە ياردم قىلسون ديگەن 4 تورلى طلبنى بريدو. شڭ شى سەى
بوطلبنى قبول كوروب 9نچى آينىڭ 9نچى كونى اورومچىدىن بوقات
بەيسى، جانمقان حاجىنى، رەقت تەيجىلەرنى تومەدىن چقاريب
آيروپلان ايلە آلتايغا ييەريدو. بولار وكيل بولوب قوزغولاڭ رايو
نيغا بارىدو. اورتادا توختام بولودو. بولارغا ياردم بەرمەك او
چون شوتڭجاڭ، لى تڭجاڭ اوجايغا بارىدو. نتيجەدە آلتاي واقع
ەسى حل بولوب بوقات والى، جانمقان معاون والى، رەقت كوك
توقايغا حاكم، دليلقان چىڭگىلنىڭ اورون باسارى بولوب خلق
مىتكە اورونلشدى. چىڭگىل، كوكتوقايغا برنچە ماشينادا شكر،
چاى، گەزمال ياردمگە بارىدو.

گوئلەر اوتتى، آيلەر اوتتى، توختاملەرگى شەرطلەرنىڭ كوپى اورونلانمىدى. قالغانلار ھەمەسى چىقمادى. ساقچىسى ئىدارەسى اوز خىزمەتىنى تىخىمو كوچەيتتى. شواغر تادامغاوىن... . بای مورزدىن (قازاق) كوك توقاى غا بارىپ، كوك توقاى ايلە سارسومبە اورتاسىغا اودول تاش يول سالامىز دەپ قازاق كاتتالىرىنى يىغىپ، 3000 آدم، 500 قىرى بىرەسىزلەر دەپ بىر ۋەقت، خالىلە « والى دىن بوھەقتە امر يوق، سەن نىمە دەيسەن» دەپ خاپا بولوپ، قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى. بونىڭ اوستىگە غايىپ كەلگەن كانى تەكشۈرۈش اوەگىنىڭ آدەملىرى شەرقى تاغقا بارىپ تەكشۈرەمەش ايشىنى آلىپ باردى. 30 نچى يىلى 6 نچى آينىڭ 22 نچى كونى ۋەقت، قالمان، قالىل، شەرى، اسمقان باشلىق بىر توپ آدەم طرفىدىن 2 نچى قاتىمدا قوزغولاڭ كوتورولدى. بو ۋاقعە اوچون حكومت طرفىدىن وكىل بولوپ جانىمقان ماشىناغا اولتوروپ كوك توقاى غا باردى. قوزغالغانلار: « 1 نچى بىزنىڭ بىر بىمىزدە انجىنىر تورماسون، 2 نچى ساقچى تورماسون، 3 نچى عسكر تورماسون، 4 قاماققا آلغانلارنىڭ اوگەن بولسا، سويەگىنى، تىرىك بولسا، اوزىنى چىقارىپ بەرسون، 5 نچى سار سومبە ايلە كوك توقاى اورتاسىغا تاش يول سالمەسسون» دەپ 5 تورلى تەلەپ قويدى. شىڭ شى سەي بو شەرطنى قبول قىلىپ اورومچىدىن شوتەكجاڭ، ۋاڭ باوچەننى آلتاى غا ايبەردى. صحبت باشلىنىپ نتيجە چىقار — چىقماس يانا قوزغولوش دوام قىلىپ، بو سوقوش 30 نچى يىلى 9 نچى آي غا قەدەر دوام قىلىندى.

شىڭ شى سەي بو قوزغولوشقا قارشى اورومچىدىن جاڭ يوفوننى باش قوماندان قىلىپ 16- پولك، 20- پولك، توپچى عسكرلەر، بىرونيۇيك ماشىنالەر ماڭدوردى. شىڭ شى سەي اوزى رادىئو آرقالى سوقوشقا قوماندانلىق قىلىندى.

10 نچى آي غا يەتكەندە، ھوا بك سوغوق بولوپ، چاروا ماللار جودونگە اوچراپ قوزغولاڭچىلەر بىر آز قىينچىلىق حالەتگە قالدى. بو فرصتتىن فايدىلىنىپ حكومت اولارنى سۆلىحگە چاقىردى. حكومتتىن جانىمقان بارىپ اولارغا تشويق قىلىپ سوقوشنى توختاتتى. بونىڭ آرقاسىدىن جانىمقان لوغاى دلىلقان ھەم باردى. زور مجلس آچىلىپ مسئلە حل بولدى. بو مجلسكە قاتناشماق اوچون

سالگەن لى تكجالك« شوتكجالك سارسومبەدە آقريپ قالدى. بار
آمانداشيپ قايتسا كۆزلەرنچوك»دەپ قازاق-كاتتالرينى سارسومبە
گەبارماققا تكلىق قيليدو. بعضيلەر باريش كرەك ديسە، بعض
لەر بارماس كرەك دەپ نتيجەدە خليل، قالمان قازى، رەقت، شرى
زنكى، اسمقان اوكورداى، آبراى قان، ناقش تاى زالين، عمرقا
اوكورداى كبى كاتتالەر آلدانيب سارسومبەگە كيليدو. بوجاى
لى تكجالك، شوتكجالكلەر «منك ايلە آمانداشيپ قايتسون دەپ د
بەنلن تيلغرام كيلب قالدى» ديگەن سوز ايلە يوقورقى كات-
تالارغا بوقات بەيسىنى قوشوب 21 نچى كونى آيروپلانغا سالي
اورومچيگە آلب چقيدو، گەپ — سوزسز تورمەگە ساليدو.

## عثمان باتور قوزغولاڭى

برنچى، ايكنچى قاتمقى قوزغولاڭغا قاتناشقان عثمان باتو
شنك شى سەي دە ايشەنچ يوقلىقىنى سزب، قوراليني تاپشورماى
يورگەن بولودو. شنك شى سەي تورلى چارە قوللونوب بولساه
عثمان باتورنى قولغا توشورمەك بولودو. اونكغا الچيلەر ايبا
ريلدى. برنچى قاتم كرم زالين، ايكنچى قاتم قابدالله زالين، 3
قاتمدا رەقم زالين الچى بولوب بارغان بولسيمو، قوراليني تاپشو
روب بەرمەيدو. حكومت توتماق بولوب عسكر ماڭدورودو. عثما
باتور، سليمان باتورلەر 6 آدم تاشقى ماڭغوليە چيگاراسندا 8 آى
غاقلەر يورگەن بولودو.

بوزامانلاردا دونيا وضعيتى اوزگوروب، شنك شى سەي ايل
قايتدين كەلگەن كشيلەر اورتاسندا مناسبت ياماندلاب، اچكى
زيدلق جددلاشيدو.

عثمان باتور چيگارادا تاشقى مانغوليەنك قاراول عسكرلرى
ايلە توقونوشيدو. اولاردن 2 نفر عسكرنى اسيرگە آليدو. بوو
قيعە مناسبتى ايلە 34 نچى يلى 3 نچى آيدا عثمان باتورنى تا
قى ماڭغول عسكرلرى توتوب ماڭغوليەگە اليب باريدو. عثما
باتور 4 آى تاشقى ماڭغوليەدە توروب، 7 نچى آيدا آلتايغا اوتو
دو. و تاشقى ماڭغوليە ايلە علاقە باغلايدو. مال اونكوزوب قو
رال ساتيب كەلتورودو. آستا - آستا اوزطرفيگە آدم توپلاب قو

قولاقىنى كىكەيتىشكە كرىشىدو. بونىڭ اوچون آلتاى خلقىنى آزاد قلش هيئتى تشكيل قلب تشويق تاراتيش اشلرىگە مشغول بولودو. بورگوت باى باشلق خلق آراسيغا تشوىقلابارغان 18 آدم حكومت قوليغا توشوب قالدو. 34 نچى يلى 4 نچى آيدا 6 دانە آيروپلان اوچوب كيلب شڭ شى سەى عسكرى اوروندلاشقان بوى قون (چىڭگىل دە)نى بومبار ديمان قليدو. عسكرلر چكينيدو. بوندىن صوڭ عثمان باتور چىڭگىل نى اشغال قلب، اوندىن آلغا باسىب كوك توقاى، بورولتوقاى نى باسىب اوتوب بورجىن، قابا، سارسومبە، جمولەى گە قەدر باريب يتيدو.

بواورتادا شڭ شى سەى ياناسولح گە تكلف قلغان بولسيمو، اما 2 نوبت قليشقان سولح نىڭ نتيجەسىنى كورگەن عثمان باتور بوتكلفنى قطعى قبول قلمايدو. اوروەچىدىن وكيل بولوب بارغان قازاق، قرغز اويوشما رئيسى مقمود، قالمان قازى، قايتىب كەلمەيدو. نتيجەدە سارسومبەدن باشقا هەمە اطراف عثمان باتورنىڭ قوليغا اوتودو.

واقعە بوجايغا يتب كەلگەندە، شڭ شى سەى اورنىدىن توشوب اچكرگە كتيدو. اونىڭ اورنيغا اوجوڭ شين اولكولوك حكومت رئيسى بولوب كيليدو. بوآدام كيلبلا تورمەدن قازاق كاتتالريدىن دەلەن ۋاڭ، كوكوناى تەيجى، بەدى، نەقش، قالمان، شرى كبى آداملەرنى چقاريدو. بولاردن كوكوناى، دەلەن ۋاڭ، دليل قازلەرنى وكيل قلب آلتايغا ماڭدورودو. برنچى آى 4 نچى كونى دليل قان، دەلەن واڭ، مقاش، كوكوناى، بەدى، عمرقان، قايم قايزى، قاجى نبى، تورسون بەگ، جاقوب بەگ سارسومبەگە باريب گاوبەى يو، واڭ شەنجاڭ، خەن توەنجاڭلەر ايلە برگە 3 ماشيناغا اولتوروب 2 نچى آى 26 نچى كونى بورجين گە باريدو. آلتايدا جانم قاننىڭ وەن سى جاڭ آرقالى يازغان مكتوبىنى قبول قلب منات باتور حكومت ايلە علاقە باغلايدو. دەلەن ۋاڭ، مقاش، گاوبەى يولەر بورولتوقاى غا، مقات، بەدى كوكوناى لەرجەو لەي-قابا مسئلەسىنى حل قلماق اوچون منكور جايغا باريدو. دليل قان (ۋاشىنىڭ اوغلى) باشليغندەكى قوزغولاڭچىلەر «قوشولمايمز»

دەپ وكيللەرنى قايتۇرۇدو. 3 نچى آينىڭ 22نچى كونى دليل قار
گاوبەى يولەر سارسومبەگە قايتىب كيلىب برمجلس آچيلدو. خ
آراسيغا تشويق قىلماق اوچون 20نچە بالانى ماڭدورودو.
تورسون بەگ، قايم قازى، ئاتاى تەيجى، عمر قانلەرنى وكيل قا
يانا عثمان باتورغا ايبەريدو. بو بارغان وكيللەر قايتىب كيلال
دو. حكومت طرفىدن قورال آشلىق توشوب بارغان كويتو گا
ماشينالرى قوزغولاڭچيلار قوليغا توشوب كەتيدو. اوجوڭ ش
هيچ بر چارە كورالمايدو. سارسومبەنىڭ اطرافى محاسيرەگە آ
نىب علاقە يوللارى اوزولودو. يوزجىڭ اون برسر آلتونغا بر ا
بولودو. سارسومبەدە قالغان حكومت عسكرلرى يريم يلغا قد
كيىم، پول، اوزوقسز قاليدو. عثمان باتورنىڭ عسكرلرى 5 نچ
آينىڭ 20نچى كونى سارسومبەگە هجوم قىلىب باسيب كرالماى ق
ئيدو. 6 نچى آينىڭ 20 نچى كونى يانا بر رەت هجوم قىليدو. 8نچ
آينىڭ 5نچى كونى ئەلەن ۋاڭ، سليمان باتور، جانمقان آيروپا
غا اولتوروب اورومچيگە كيليدو. گاوبەى يو سارسومبەدە قاليدى
9نچى آينىڭ 6نچى كونى ايلى قوزغولاڭچيلرينىڭ عسكرى آوتا
ديگەن جايغا هجوم قىلىب كيليدو. بو جايدا عثمان باتورنىڭ عسك
لرى ايلە اوچروشودو. نتيجەدە سارسومبەگە هجوم باشلانيب 00
دانە حكومت عسكرى 9نچى آينىڭ 8نچى كونى سارسومبەنى تاشلا
تاشقى ماڭغولية چيگاراسيغا قاراب چيكينيدو. بولەرنى آرقاد
قوغلاب باريب قورالسزلاندوروب سارسومبەگە قايتوروب آلي
كيليدو. نتيجەدە آلتاى ولايتىدە اوجولشيننىڭ قوەتى قالمايدى

## شىڭ شى سەينىڭ مركز قاناتى استيغا كريشى

آغر زامانلاردا حاكميتنى اوزقولىدا توتوب قالماق اوچو
معلوم طرف ايلە ياقين علاقە باغلاغان بولسيمو، امما يللەرن
اوتوشى آرقاسىدا كورونشىدە اورتاسى ياخشى بولسيمو، اچكى
طرفىدن بر - بريگە زيد حركت باشلانيدو. اوننىڭ اوستيگە سەويت
گيرمان سوقوشى باشلانيب، دەستلەپدە گيرمانيەنىڭ غالبيت
زانغانليقى كورونودو. بو فرصتدن فايدلينيب شىڭ شى سەى مر
حكومت ايلە ياقنلاشيشقا باشلايدو. بو اورقادا مين يى گو، ۋا

باوچەن، زانگاوفوڭلەر طرفىدىن شڭ شى سەى نى يوقاتماقچى بولغان
كتيە اويوشتورولودو. بومناسىبت ايلە 500 دن آرتوق آدم بىناتور
مەگە توشودو. بوواقتدا قامالغان كشيلەرنڭ اچيندە غايبدن كەل
گەنلرى بولسا، اوزجايىغا قايتورولودو. شڭ شى سەى دەستلەب
غربى شمال سوقوش رايونى نڭ قوماندانى جوشاولەڭ ايلە
علاقە باغلايدو. جوشاولەڭ الگر آخر بولوب 5نوبت اوروەچيە
گە كيلب كتيدو. الڭ آخريندا جاڭ وى يوەن جاڭخانيەى سوڭ
ەى لين، جوشاولەڭ، اوجولڭشين، ليەن خەن ساولەر اوروەچيگە كيە
لب، اولكولوك هكومتنى رسمى حالدا مركزگە قاراتش، اولكو
لوك فرقە بولومى قوروش؛ مركز عسكرلەرينى آلب چيقب اورون
لاشتوروش كبى مسئلەلر اوستىدە مذاكيرە يورگوزودو.

1943 - يلى برنچى آيدا گومين داڭ فرقەسينڭ شڭجاڭ
اولكولوك فرقە بولومى نهايتى زور داغ — دوغا اچندە قورو
لودو. آزوقت اوتمەى اونڭ شعبەسى هەمە جايغا قورولوب، اويـ
غورچە، خەنسوچە سەن مين جويى كتابى باستوروب تارقاتيليــ
دو. خلق ومعارف آراسىدەكى لينينزم، و . ك . پ . ب (كام
ونيست فرقە تاريخى) و شونظريەدە بولغان تورلى درسلك، ادە
بيات كتابلرى خلق قولىدن ييغب النب فرقەگەتاپشورولدى. شڭ
شى سەى اوز زمانىدا بيوك رولدا توتقان جهانگيرلك كە قارشى
توروش اويوشماسينى قاپاتدى.

قمولدا و باشقا جايدا تورغان اوزون چاپانلق عسكرلر، غا
يبدن كەلگەن معلم، انجينير، مصلحتچى، دوختور، فقرالراوز
جايىغا قايتورولدى. اولارغا نرسە ساتش، اولاردن نرسە آلش و
علاقە قيلش اشلەرينى نهايتى قاتتق چەكلىدى. اورتادەكى مناس
بت بارغانسيرى يامانلاشدى.

خلق گرچە مركز اطاعتيگە اوتدوق، سەن مين جويى يتب
گەلدى دەب خرسند بولغان بولسەمو، امما سەن مين جويى لق
هكومت اوستىدە يانا شڭ شى سەى تورغانلقدن يانا اوميدسز
حالدا قالدى. بعضلر زمانى اوزگرگەنلكدن شڭ شى سەى

مركزگە قارادى، امما مركزنڭ كوزينى بوياب بركون بولەيسا بركون يانا يوز اورويدو دەب بوياكى اوزگوروشكە شبهە بلەن قارادى. مركزى تعلم — تربيە اوەكينڭ شعبەسى اورومچيدەقو رولوپ بتون حكومت خادملرى نوبت ايلە بوجايدا سەن مين جو يىلق تعلم — تربيە كوردى. امما سەن مين جو ييدەكى عملى اشلر ايشلەنميگەنلكدن خلق يانا بورونقى حالەتندەقالدى.

اونڭ اوستيگە اچكى اولكودن سەن مين جوينى تشويق قلغالى چققان بعضى آدملر، سەن مين جويدا كورسوتولگەن يوللار ايلە اش آلب باريش بوياقدا تورسون، خلقنى خرسند قيلش؛ خلق كوڭلىگە تسلى بيريش اوياقدا تورسون، بلكى خلقنڭ زيديغا تيگيديغان؛ خلق روحيغا ضربە بيريديغان تشويقلرنى يورگوزوشكە باشلادى. يەرلى خلقنڭ روحى حالى ايلە حسابـلاشماي اش قيلدى. يەرلى ملتلرنى آسسيميلاتسيە قيلش (تمثيل) معارفنى داخللاشتوروش، نيكاحنى برلەشتوروش ديگەندەگە اوخـشاش سوزلر مكتبلردە غزتەلردە، نطقلەردە كورولوشكە باشلادى. يەرلى خلقنڭ بورونقى ملت ديگەن اسمى آلب تاشلانيب، اولارغا نسللداش اوروغ ديگەن نام بيريلدى. خلق بوپاراكلارنى آڭلاپ دخيمو زور انديشەگە توشتى. سەن مين جوينڭ ملى مسلەكى اچندە بولغان برنچى ملتلر حقوقدا برابر بولودو، ايكنـچى، چيگارا ملتلرنڭ اوزينى — اوزى اداره قيليشيغا ياردم بيريـليدو. ديگەن نظريە قوروق كاغذ يوزندە بولوب قالب، يەرلى ملتلر هيچ قانداغ برحقوقلى اداره اشلەريگە قاتناشتورولميدى. يەرلى ضياليلار چەتكە قاقيلدى. بورونقى نامينى اوزگەرتكەن جلڭ اوچو (باش ساقچى ادارەسى) خفيە اشلرينى تيـخيـمو كـيـڭەيتدى.

سەن مين جوينڭ دور باشلانغانلقدن، خلق «باشقا برياخشيلق اشلەب بەرمەسيمو، موندن ستوك آدم قاميماس» دەب گمان قيلـغان ايدى. امماش ديگەن جايدن چقمادى. فرقە بولوەى قورولوب 2 نچى يلى 4 نچى آيدا شڭ شى سەى اوزينڭ بو رونقى عادتى بوينچە يانا آدم قاماشقا كريشدى، مركزدن كيلب فرقە

بولوغه باش كاتيب بولغان خواڭ زو جىن باشلىق كوب مركز آدملرى تورمەگە توشلدى. اورتا مكتب اوقوغوچيلرى صنف — صنف بوينچه تورمەگە هايدالدى. بتون اولكونڭ همه جايندا بولوب 5000 گه قدر آدم قامالدى. بوقاتيم خلق «شڭ شى سەى يانا شڭ شى سەى ايكەن» دەب اونڭ بو قيلغان حركتلريندن هيچ برەعنا چيقرالمادى.

## اوجوڭ شين نڭ رەئيس بولغانى

شڭ شى سەى مركزدن كەلگەن آدملارنى قوشوب بو قاتيم كوب آدمنى قماققا آلدى. آلتاي قوزغولاڭچيلەرى اوروموچى اطرافيغاقدر آياق باسيب قالدى. ديمك شڭ شى سەى نى اورنىدن يوتكومەى توروب بو يورتنى آمان توتوش ياكى بو آغر لاب بارغان مسئلەنى حل قيلش ممكين امەس بولوب قالدى.

شڭ شى سەى فرقه بولوم قورولغاندن صوڭره چوڭ چەكگە بر باريب قايتب كەلگەن بولسەمو، 1944 — يلى 8 — آيدا يوتكول خوشلوشوپ اورنىنى بوشوتوپ بيريب اوزى چوڭ چڭگه يوروب بەردى. بوقاتم شڭ شى سەى اچكى اولكوگه ما كيشدن، بورون 10 يلدن بويان توپلوغان بوتون قمتلك نرسيلەرنى و توسەن گوگسيدا ساقلانغان ايسيل ماللارنى 10 نچە ماشينادا برنچه نوبت لانجوغا توشوب آلدى. خبرگه كوره، شومالار آراسندا 12 تونا آلتون هم برگه كەتكەنمش.

9 — آى اچنده مركزدن اوجوڭ شين اولكولوك حكومت رئيسى بولوب اوروموچيگه كەلدى. بونڭ بلەن خلق «امدى شڭ شى سەى دن قوتولدوق، مركزنڭ قانادى آستيغا كردوق. حقوقيمز، اركينليكيمز تامين ايتيلور» دەب كوب خرسند بولدى. اوجوڭشين اوروموچيگه كيلب غنه تورمەدە ياتقان آدملارنى بر نچه نوبتگه بولوب آزاد قلدى. 10 يللاب جهاندن، بالاچاقا، آتا — آنسدن خبرسز ياتقان محبوسلار كونڭ ساريغينى كوروشكه باشلادى. الگرى — آخر بولوب 2600 گه قدر آدم قاماقدن چقدى. بو ياخشيلقنى كورگەن خلق اوجوڭشيندن دخى زيياده اوميدلرلى كوتدى. براق شڭ شى سەى زماننداكى يمان مامورلار اونى

اورنىدا قالدى، يەرلى ملتلر يىنا حكومت اورونلريغا قاتناشتورل
ىدى. اوجوكشىن يالغوزغىنە دينى علمالرغە اهميت بريب، جمـ
عيتنىڭ آساسى كوچلرى بولغان ضيالىلارايلە مناسبت باغلامى
دى، اولارنى چەتكە قاقدى. مصادرە ملوكلر قايتورولمىدى. پارا
خورلوق كوچايدى. مكتب معارف اشلەرينى خلقنىڭ طلبى گـە
قاراب آلب بارماى، خەنسوچە درسنى كوپەيتب داخيللاشتوروشقا
قاراب ماڭغانلقدن معارف بارغانسيرى خارابلاشدى.

مركز اوچون تازا ياخشى، برفرصت كەلگەن ايدى. خلقنى
خوش قيلب، كوڭلينى آلب، اوتكەن كونلرينى اونتولدورماق اوچون برنچە تورلى ياخشىلق اش كورسەتمەكى لازم ايـدى.
امما اونى قيلالماى برياخشى فرصتنى قولدن بيرب خلقنىڭ مر
كزگە بولغان ايشەنچيسينى عاجزلاتيب قويدى. خلق يىنااوميدسز
لككە توشوب اوجوكشىن سياستيگە شبهە بلەن قارادي.

# 3نچی باب: ایلی ۋاقەسی ۋە تینچلق

## بنم دەۋری

## ایلیدا قوزغولوش

شڭ شی سەی نڭ اورنیدن یوتکولوب، اوجوڭ شین نڭ اوروه
چیگه چیقب رئیسلك دە اولتورغان کونلری، آلتایدا قوزغولاڭ
کوچویوب، حکومت عسکرلری آلتای نڭ شرقیدا زور مغلوبیتکە اوچ
راغان کونلرگه توغری کیلور ایدی. شویلی 7 نچی آیدا جڭ
اوچو نڭ باشلیغی لی یڭچی غولجاغا باریب کوب آدمنی قماققـا
آلیدو. بوندن خلق بەك ناراضی بولودو. اوروه چیدە اولکولوك
حکومت تشکیلی اوزگرگەن کونلرگه اولگورتوب، ایلیدا قوز
غولاڭ کوتورگوچی آدملرنڭ حرکتی جدیلیشیدو.

8 نچی آی اچندە معلوم برکشی پولات نامیلی برآدم آرقالی
علی خان تورەنی انقلاب کوتورمەککە دعوەت قیلیدو. علیخان
توره بواشدن قاچیب آرشاڭغا چیقب آلغاندا، بومعلـوم کشی آر
شاڭغا قوغلوشوب چقدو. نتیجەدە علیخان توره بومعلوم آدم ایله
برنچه مرتبه صحبت اوتکوزودو. اوتادا مخفی توختام توزوب اه
ضاقویوشیدو. بو معلوم کشی نڭ تانشتوروشی و واسطەچیلیگی
آرقاسندا بر تشکیلات قورولودو. بو تشکیلات اعضالاری علیخان
توره، صالح جان بای، متعالی خلفتم، محمدجان مخدوم، محی الدین،
نورالدین بگ، عبدالرؤف مخدوم، عمرجان زنون طبیب، جانی بول
داش، عباسوف، رحم جاندن عبارت بولودو. بولار دستلەپ بەزەه
شکلندە یوروب، انقلابنی قایداغ قوزغاش، سوقوش دن صـوڭ
قایداغ اش آلیب باریش توغراسندا مصلیحت قیلیشیدو. اڭ آخردا برەر
واقعەنی یورەگی چوڭ آدملر آرقالی باشلاماققا قرار بیـریب،
